
تۆلەندىن ئەزىم زۆليارى

# ئونتولغان ئادەم




مىللەتلەر نەشرىياتى



تۆلەندىن ئەزىم زۆلىيارى

# ئۇنتۇلغان ئادەم

(شېئىرلار)



مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：多鲁洪
责任校对：胡达拜地
装帧设计：刘家锋

**图书在版编目(CIP)数据**

被遗忘的人/托兰迪著. －北京：民族出版社，2001
ISBN 7－105－04350－4

Ⅰ.被… Ⅱ.托… Ⅲ.诗歌－作品集－中国－当代－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 05021 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号　邮编 100013)
http://www.e56.com.cn
民族出版社微机照排　　迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2001 年 7 月第 1 版　2001 年 7 月北京第 1 次印刷
开本：787×1092 毫米　1/32　印张：3.25
印数：0001－2000 册　　定价：6.50 元

该书如有印装质量问题，请与本社发行部联系退换
(总编室电话：64212794；发行部电话：64211734)

# نەشرىياتتىن

تۆلەندىن ئەزىم زۇلىيارى 1942-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى چاپچال ناھىيىسىنىڭ كان يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1960-يىلى شىنجاڭ پىداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ فىزىمات پاكولتېتىنى تاماملاپ، بۆرتالا ئوبلاستلىق 1-ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان. 1992-يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

تۆلەندىن ئەزىم زۇلىيارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1993-يىلى 3-ئايدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «كروران گۈزىلى مېنىڭ ئانام» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. شۇنىڭدىن بۇيان ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئۇنىڭ «ئۇنتۇلغان ئادەم»، «تۆگىنىڭ ھەسرىتى»، «سەھرا يىگىتى»، «بۆرە ئوشۇقى» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ۋە ھېكايىلىرى، بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئىككى پارچە ئەسىرى «بۆرتالا گېزىتى»، «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان مۇكاپاتلىق ئەسەر ئېلان قىلىشىدا 2-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئۇ ھازىر بۆرتالا ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

مۇساپىرمەن شېئىر تېنىدە ........................ (1)
سەھرا يىگىتى ........................ (3)
هارغىن يولۇچى ........................ (4)
مەنزىل ........................ (6)
توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى ........................ (7)
بەخت مۇزىكىسى ........................ (9)
ئۇنتۇلغان ئادەم ........................ (10)
چىغىر يول ........................ (11)
تۇل ئايال ئەلەملىك ناخشا ........................ (12)
يۇلقىنىدۇ گۈزەل هالاكەت ........................ (14)
بوشىغان جام سۆزلەيدۇ تارىخ ........................ (16)
ئۆرتىنىش ........................ (18)
ئاشكارىلاش ........................ (19)
نۇرسىزلىنىش ........................ (21)
قىشنى ئۇزىتىش ........................ (23)
ئۇنسىز ئېلىشىش ........................ (25)
ئادەمگىياھنى سېغىنىش ........................ (26)
ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ ئاۋازمەن ........................ (27)

تۇغۇلغان كۇنگە تۇزىتىش ..................... (29)

بوشىنىش ..................... (31)

ئوقۇپ بەرگىن شېئىرلىرىمنى ..................... (33)

ئۇستاز قەلبى ..................... (35)

”كروران گۇزىلى“ مېنىڭ ئانام ..................... (40)

ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىنىنىڭ ..................... (43)

تاڭ نۇرى رەڭ بەرسە قەلبىڭگە ..................... (48)

دېرىزەمنىڭ ئىچى سىرتىدا ..................... (49)

هايات شۇنداق ..................... (51)

تۇنجۇققان روھىڭنى تاڭما بالىغا ..................... (52)

تارتىشمىغىن تەنها ياپراق ..................... (53)

تۇرپان تەسىراتلىرى ..................... (54)

يولدا ..................... (58)

پەسىل سۇرەتلىرى ..................... (60)

ئۆكۇنمىگىن يىلتىزلار ..................... (63)

شان قۇچۇڭلار بۇگۇنكىلەر ..................... (64)

نۇر بولۇپ كەتكەن روھ كەلدى نۇر بولۇپ ..................... (67)

بوشلۇق شاھى ئەرش تۆرىدە ..................... (69)

زەئىپ روھلار ..................... (71)

ئۆتكىن ..................... (73)

كۆك ..................... (74)

تۆگىنىڭ ھەسرىتى ..................... (75)

سۇمۇرغ قىسسىسى ..................... (85)

# مۇساپىرمەن شېئىر تېنىدە

شېئىر دېگەن تەڭرى قەلبىدە،
مەن مۇساپىر شېئىر تېنىدە. .

تونۇمايدۇ مېنى بۇ شەھەر،
ياتسىرايدۇ قۇشلار، ئادەملەر.
ھەسرىتىمگە يۆلىنىپ تۇرۇپ،
شېئىر رەڭدە كۈلىدۇ گۈللەر.
ئەڭ سۆيۈملۈك ھاياجان بىلەن،
ئۆز روھىنى ئىزدەيدۇ كىملەر؟

تار كوچىدەك غېرىب قەلبىمدە،
بىر بۇيۇك روھ يۈرىدۇ لەيلەپ.
ئۆز-ئۆزىگە كۆمۈلگەن دۇنيا،
جۇدالىقنى كېلىدۇ كۈيلەپ.
تەشنالىقنى ئۆكسۈگەن تۈنلەر،
تاڭ ئالدىدا كېتىدۇ پارلاپ.

ئىمزا قويىمەن ھاياتقا مۇنداق:
شېئىر دېگەن تەڭرى قەلبىدە،

مەن مۇساپىر شېئىر تېنىدە.
باھار دېگەن قۇشلار كۆزىدە،
قۇشلار كۆزى ياپىېشىل رەڭدە.

# سەھرا يىگىتى

بىلىگە ئۇراپ قارا تۇنلەرنى،
تۇرىدۇ
قان رەڭلىك ئاسماننى تىرەپ.
ھىلال ئاينى ئوينىتار
تاغلارغا بىلەپ.
قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى سىلىپ دولىغا،
چولپانغا ئەگىشىدۇ
زۆھرەنى يىتىلەپ.
ئۇ كىلەر
بۇلۇتلارنى شوراپ ئىچىگە،
ئالتۇن رەڭ بەختنى
زىمىندىن تىلەپ.

# هارغىن يولۇچى

تۇمەن كۇي، ئۇمىدنىڭ باغرىنى تىلىپ،
ياتىدۇ قۇياشقا چىگىلگەن بىر يىپ.
ئۇنتۇلغان شائىرنىڭ سۇزۇك ئىلھامى
كېلىدۇ ياتسىراپ ئىزلار كەينىدىن،
بۇلاقلار كۆزىگە مىسرالار يېزىپ.

شۇڭغىغان بۇ يىپقا نوھىنىڭ كەپتىرى،
زېمىننى باغلاپمۇ كۆرگەن ماگېللان.
قىلماققا ئاسماننى يىگانە بىر ئۆي
ئارغىماق چاپتۇرغان سەركە تېمىرچىن،
بىر تۇگۇن بۇ يىپتا بارچە باتۇر، خان.

بارخانلار كۆكسىدە تۇنىگەن كارۋان،
كولدۇرما پەيزىنى سۇردى چۇشىدە.
چۇلۇكى ئۇپرىغان قېرى تۆگىنىڭ
لوكىنى باغ ئەتكەن يۇلغۇن چېچىكى،
ئويغىتار تاغلارنى مۇڭلۇق كۇيىدە.

قەدىمىي توغراقنىڭ بۈيۈك خىيالى،
ئىپتىخار ئىلكىدە كۆلدى قايتىدىن.
ئوپۇقلار مىنگەشكەن قەۋەت-قەۋەت تاغ
باغرىدا مۆگدىگەن هارغىن ئۆتەڭلەر،
بارىدۇ يوللارنى ئۇلاپ قايتىدىن.

# مەنزىل

مۇگدەپ تۇرار تاغ ئېتىكىدە،
سۆكۈتكە چۆمگەن
بىر قەدىم بۇلاق.
ئولتۇرار ئۇندا
بىر بوۋاي تەنها،
كۆزلىرىدىن يالقۇن چاچراپ.
ھەسرەت يۈزىدە
قەلبى كۆزىدە،
تىكىلىدۇ
روجەككە خىيالەن قاراپ.
ئەگىپ يۈرەر روھى بوۋاينىڭ،
مۇساپىسىدىن بىر ئىزنى ئىزدەپ. . .
ئېمىزگىسىنى تاشلاپ بىر گۆدەك
كەلمەكتە ئەنە
ئوماق تەمتىلەپ.

# توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى

توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى،
مەۋجۇتلۇقنى يوقىتىپ ئالەم
تىلەيدۇ تەڭرىدىن قۇياش قۇت-بەخت.
مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە كېپەنلىنىپ روھ،
سۇكۇتكە چۆكىدۇ ئۆلگەندەك ۋاقىت.

توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى،
تىلغاپ ۋەھىمە سەبىي دىللارنى
زىناقلاردا ئاقىدۇ كەلكۈن.
ئوماق شوخلۇق، ئەركىنلىك-خۇشلۇق،
بولۇپ قالىدۇ كۈلپەتلىك تۈگۈن.

توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى،
كۈتۈپ ئالىدۇ پەرىشتە ئانا
بېھىش ئالدىغا پايانداز سېلىپ.
چېچەكلەيدۇ ئارمان غۇنچىسى،
تەڭرى ھۇزۇرى شادلىققا تولۇپ.

توختاپ قالسا گەر ئانا تىنىقى،
چېقىلىدۇ ئەينەكتەك ئاسمان
زېمىنىنىڭ ئازابلىق ئۆكسۈشلىرىدىن.
بىر ياۋا گۈل قالار ئېچىلىپ،
يېرىلغان يۈرەكنىڭ قانلىق باغرىدىن.

# بەخت مۇزىكىسى

نە قىسمەت چېچەكلەپ كەتتىغۇ روھىم،
ئېھ، بۈيۈك شائىرنىڭ خىياللىرىدەك.
گۈلدەستە كۆتۈرسە تۈمەنمىڭ ھۆر قىز،
قۇياشنى قولتۇقلاپ چۈشۈپتۇ تەڭرى
قايتىدىن روھلارنىڭ تويى بولغاندەك.

مەركىگە موماينى كەلدى يېتەكلەپ،
سەبىينىڭ كۆزىگە مۆكۈنگەن بوۋاي.
مەي تۇتۇپ بەردى تاڭ مەزمۇت چوققىغا،
قىزىتسا سامانى كۆكتە يۇلتۇز، ئاي.

يۈرەكلەر بەختتەك كەتتى نۇرلىنىپ،
تەنلەرنى سۆيمەكتە لەرزان مۇزىكا.
پاچاقلاپ تاشلانغان رەڭمۇرەڭ سۈكۈت
ئالغاچقا ئۆزىدىن مەڭگۈلۈك قىساس،
كۈيلەندى نۇر رەڭلىك ئوتلۇق مۇزىكا.

# ئۈنتۇلغان ئادەم

ھەسرەتلىك ئۆتمۈشنىڭ قوينىدىن بىراۋ،
كەلمەكتە نەپرەتنى قەلبىگە كۆمۈپ.
ئادەمسىز شەھەرنىڭ سوغۇق دوقمۇشى،
تۇرماقتا بەختسىز بىر روھنى يۇدۇپ.

خارابە كوچىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇش،
قونمىدى ياتسىراپ چىنار شېخىغا.
قۇياشنى ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ تەڭرى،
يۇلتۇزسىز كېچىنى چىگىپ بېشىغا.

چۆللەردە ھالسىراپ يۈرگەن يولۇچى،
يوقالدى ئازدىمۇ نەدە كۆلىنىسى.
ئەجدادى، ئەۋلادى بولمىغان ئەزەل،
يوقالغان ئالەمدىن ھايات كۆلكىسى.

ئاپئاق قار ئۆزىنى توزۇتقان چاغدا،
چۆل ئارا سەرسان بوپ كەتتى بىر ئارمان.
ئېھتىمال ئۈمىدنىڭ تۇغۇلغان كۈنى،
بەخت ئېپكەلگۈسى تەڭرىدىن پەرمان.

# چىغىر يول

قەيەردىن باشلانغان تۇنجى چىغىر يول؟
ئېھتىمال باشلاندى چۇشلەر قوينىدىن.
ۋە ياكى چاقماقنىڭ مۇدھىش قوينىدا،
تۇنگەن قەدىمىي توغراق تۇۋىدىن.

بولمىغان بۇ يولنىڭ قىزىل چىرىغى،
دوقمۇشتا پارقىراپ تېزەك قوڭغۇزى.
يوق بۇندا ئاق سىزىق، بەلگە تاختىسى،
دوزاختا تۇنەيدۇ بەخت يۇلتۇزى.
يوق بۇندا تەۋەلىك، بېكەت، قوش رېلىس،
چۆلدىكى يېشىل نۇر بۆرىنىڭ كۆزى.

# تۇل ئايال ئەلەملىك ناخشا

كۆمۈۋەتتى سەرسان شەھەرنى،
قار مۇزلىغان يۇلتۇزسىز كېچە.
سۆيگۈ ئىلاھىنى چۇشەيدۇ تاتلىق،
توپا تاملىق غېرىب بىر كۇلبە.

ئېغىر تىنىپ ياتىدۇ كارۋات،
بۇزۇلىدۇ چۇشلىرى پات-پات.
داغدا لەيلەپ يۇرەر تەبەسسۇم،
ئاچچىق-ئاچچىق ئىڭرايدۇ هايات.

ئاستا بۆسۇپ كىرەر سوغ ئېقىم،
ئۆڭى ئۆچكەن ئىشىك، كۆزنەكتىن.
چەكچىيىدۇ هوقۇشنىڭ كۆزى،
قىيىسىق چەللە، پىنهان روجەكتىن.

خۇرسىنىدۇ خورلۇقنى يېتىلەپ،
تار كوچىدىن ئۆتكەن پەرىشتە.
سۇنۇپ كەتتى كوچا دوقمۇشى،
ياش تۆكىدۇ قاۋاق هەم رەستە.

تىترەيدۇ مەسچىت گۈمبىزى،
سىقىلىدۇ ئۇياتچان يۈرەك.
چاقماق چۈشكەن بۇلاق بېشىدا،
چاچراپ كەتتى نامسىز پاك گۆدەك.

يۇلقۇنىدۇ چەيلەنگەن ئازاب،
رېئاللىق ئۇيالغان تەبەسسۇم.
تىتما-تىتما بولماقتا غورۇر،
ئۆرتەنمەكتە ئاجىز ساپ مەھكۇم.

# يۇلقىنىدۇ گۈزەل ھالاكەت

بوران چىققان ئەنسىز كېچىدە،
يېغىپ كەتتى يۈرىكىمگە قار.

سىزىلىۋاتقان ھەجۋىي سۈرەتلەر،
ۋەھىي بولۇپ كىرەر روھىمغا.
كەيپ بولۇپ قالدىم توساتتىن،
رەنجىپ قالدى ھەسرىتىم ماڭا.

كاكىلىدى قايسى چاڭگىغا؟
ئۈنتۈپ كەتتى ناخشىچى كاككۇك.
سەكراتتىكى بۈيۈك ئېتىقاد
بولۇپ قالدى تاتلىق ئەسلىمە،
ئىلتىپاتتىن تىتىلدى ياستۇق.

مەركىزىدە شىمال قۇتۇبنىڭ،
توڭلاپ قالدى لىرىك شېئىرلار.
قار ئۈستىگە ئوماق پىنگۈن،
يېزىپ قويدى ھەزىل بىر مىسرا.

ھېيت كۈنىدەك ئاۋات بۇ شەھەر،
تونۇمايدۇ ھېچكىم-ھېچكىمنى.
پىنھاندىكى قايناق بازاردا
يايما يايدى پالچى جۇپ خوراز،
سەجدە قىلۇر ئادەملەر ئۇنى.

نۇرى ئۆچكەن قەدىم كېمىدە،
يۇلقىنىدۇ گۈزەل ھالاكەت
ئارمانلىرى ئوخچۇپ يۈزىدە.
ئائىلە

مۇنبەر

تار كوچا

چېقىلىپ كەتتى تەڭرى كۆزىدە.

# بوشىغان جام سۆزلەيدۇ تارىخ

كونا قاۋاقتا دىدارلىشىدۇ
ئۈچ مويسىپىت ئۈچرىشىپ پات-پات.
بوشىغان جام سۆزلەيدۇ ئۆتمۈش،
ئارمانلارغا كۆمۈلۈپ قات-قات.
— ئېسىڭدىدۇ،
قالتىس چاغدى ھە؟!
چېكەتكىدە خوراز باققانتىم.
— بوز يەر يىلىنى بولسامتى دەيتتىم.
— قويمامسەن!

بوشىغان جام سۆزلەيدۇ تارىخ
چوققىلاردا كېچىپ ئاپئاق قار.
قونۇپ بەزى مەزمۇت شاخلارغا.
ھېكايەتلەر ياتار تولغىنىپ،
يىلتىز ئۆلاپ قەدىم چاغلارغا.
— بوۋام بىر چاغ
بوز قورت مىنىپ تويغا بارغانكەن.
— دادام قىرىق خوتۇن ئالغانكەن.
— نۆۋەت كېمىنىڭ؟

بوشىغان جام سۆزلەيدۇ كەچمىش،
قوشاق ئوقۇپ مۇڭلۇق بىر كۈيگە.
موخوركىنىڭ ئاچچىق تۈتۈنى
ئۆسسۈل ئويناپ قوشۇلار ئۈنگە.
— تولدۇرۇپ قۇيغىنە،
كېنىزەكلىرىم كەيپ سەھنىدە.
— مويىنقىم ئوينار رەڭسىز پەدىگە.
— ئىچتۇق. . .
بوشىغان جام سۆزلەيدۇ تارىخ. . .

# ئۆرتىنىش

پاك سۆيگۈگە توپا قونغان ئاشۇ چاغ،
ئۆز-ئۆزۈمگە قالدىم ئاستا ئۇچراپ.
روھ ھەسرىتى تۆكۈۋەتكەن خىيالدەك،
غۇلاپ چۈشتۈم قۇچىقىمغا يۇمىلاپ.

ناز قۇترىغان چۆللىرىمنىڭ كۆكسىدە،
بوغۇزلاندى ساددا، قارام ئەرلىكىم.
گۈزەل سوغۇق تەبەسسۇمدىن ياتسىراپ،
مۇزلاپ قالدى روھىم ھەتتا بارلىقىم.

رايىمغا قوي خالاپ قالدىم يالغۇزلۇق،
سۈكۈتلەردىن سۆكۈپ ئالاي سۆيگۈمنى.
كەچكۈزدىكى ئەڭ مۇساپىر قۇشلاردەك،
ئازاب بىلەن ئىپتىۋالاي كۈيۈمنى.

# ئاشكارىلاش

تەمشىلىپ باقمەن تۇۋلىماق بولۇپ
مەن جۇشقۇن بىر كۈينى، يۈتكەن ئۆزۈمنى،
بىراق
چىقمايدۇ ئۈنۈم. . .
ئېھتىمال
يوقتۇر ئەزەلدىن مەندە ھېسسىيات،
ياكى مەن تىنىپ قالغان تەپەككۇر.
توڭلىدى ياكى سۆيۈق ئېتىقاد،
ئوقۇپ كىمگىدۇر ئالىي تەشەككۇر.
ئېھتىمال
غەپلەت ئۇيقىدا چۈش كۆرگەندىمەن،
كۆكتە قۇياشقا سوزۇپ قولۇمنى.
ياكى قېيىدىدىم تەلۋە روھىمدىن،
توسىيالماي ئۆزۈم-ئۆزۈمنى.
ئېھتىمال
ئەسلەپ قالارمەن
ئويغىتىپ قويسا بالام غىدىقلاپ،
ئۇنتۇلۇپ قالغان تاتلىق چۈشۈمنى.
تاسادىپىي

سۆيۈپ قويدى يۈرىكىمگىلا ،
قاپىيىسىز غۇۋا مۇناجات .
زۇۋاندازدىن بولدۇم كۆڭۈلسىز ،
رەنجىمىگىن تۇنجى مۇھەببەت .

# نۇرسىزلىنىش

ئولتۇرىمەن قەلبىم ئالدىدا
شەيخلىق تونىغا يۆگىنىپ مەھكەم،
تۇتتى روھىمنى تاتلىق بىر كەيپ. . .

مەست بولۇپ ئۆتمۇش
مەست بوپ كەلگۈسى
زابويلىقىمغا بەردى بىشارەت،
قازا بولدى جۈمە نامىزىم
تەرەتسىزلا قىلغاچ ئىبادەت.
تەبىرى يوق
ئۆڭۈپ كەتكەن كونا بەتلەردىن،
ھەپتىيەكنى يادلايمەن تىنماي.
دۆۋە-دۆۋە ئەرزان باھالىق.
جامال تىزىلدى رەستىگە پاتماي.
كېزىدۇ
ئۆزۈمدەك غەمكىن
ئۆزۈمدەك رەڭسىز
ۋۇجۇدىمنى سوغۇق بىر تۇمان.
بەئەينى

تۇرۇم-تۇرۇم قارا بولۇتتەك،
خىياللىرىمنى ئۇچۇرۇپ ھەريان.
بەلكىم
يېشىل تەبەسسۇم سورۇپ قالارمەن،
ئويغىتالىسام ئاگسىز سەبىينىڭ
يۈرىكىدە يېڭى بىر ئارمان.

# قىشنى ئۆزىتىش

خەير-خوش! . . .
سىقىلىپ كېتىمەن سۆيۈشلىرىڭدىن. . .

ئۇنۇتمىدىم
كەلگىنىڭنى سوغۇق قۇچاقلاپ،
دېكابىردەك يالىڭاچ قولۇڭدا.
ئەپسۇس
ئوقۇيالمىدىم ساۋاتلىق تۇرۇپ،
سۆيگۈ ئىزھار قىلغان خېتىڭنى.
ئايرىلىش رېئاللىق، تەن بېرىش ئازاب
بەھۇدە ئۆكسۈپ تۆكمە يېشىڭنى.
ئويغاندى ئۆچەك،
ئوماق يېشىللىق
ئارخىپىڭنى لىپاپىتىن ئېلىپ. . .

شۇندا
رىياسەتچى بولغۇم بار مېنىڭ
ئۇزاتقاندا سېنى يىراققا،
تەگمىسۇن قەدەم سۆزلىرى.

وراسىمعا كەلسە تولكوروپ
ـوخ ۋە تەنسىز جەنۋب قۇشلىرى

# ئۇنسىز ئېلىشىش

توساتتىن كوچىدا يولۇقۇپ قالىسەن
ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا
ئەل قاتار قولۇڭنى سوزۇپ قالىسەن، شۇندىلا
ئانتاركتىكىغا كېلىپ قالغاندەك
شۈركىنىپ كېتىسەن
غادايغان نۇرسىز سوغۇق يۇرەكتىن.
ئىچىڭگە تىنىپ
چاندۇرماستىن ئۆتۈپ كېتىسەن،
"قانچىلىك نېمىتى هايات دېگەن" دەپ.
سۆيۈندۇرىدۇ سېنى هەم ئۇنى،
قانچىلىك دېگەن ئاشۇ بىرلا گەپ.
تەسەللى تاپىسەن ئاشۇ سۆز بىلەن
غەلىبە قىلغاندەك
شېئىر يازغاندەك. . .

# ئادەمگىياھنى سېغىنىش

سىرغىيدۇ ھاياتنىڭ قاسىراقلىرىغا،
ئازابقا يۆلەنگەن تاتلىق ئەسلىمە. . .

سۆرەپ كېلىدۇ مەۋھۇم پەسلىنى،
زۇلمەترەڭ قوينىدا تەنھا غېرىبلىق.
تىركىشەر سەرسان تەن بۈيۈك روھ بىلەن،
قەلبىدە شاخلايدۇ ئۇماق يېشىللىق.

ئاي، يۇلتۇز ھېچنېمە ئەمەس قۇياش ھەم،
مۇقەددەس روھ بىلەن تەن بوشلۇقىدا.
ئاخىرقى تىنىقىدا دۇنيا بىر پومزەك. . .

ئادەمگىياھ مېۋىسى نۇرنىڭ قوينىدا.
نۇر دېگەن ئۇيۇقنىڭ باياۋانىدا.

# ئۆزۈمگىلا مەنسۇپ ئاۋازمەن

چوققىدا تاش يېرىپ كۈلسە قارگۈلى،
شەبنەمنىڭ كۆزىدە يىغلايدۇ باھار.

زۇلمەت باسقان كونا ئۆتەڭدىن
قىستىلىپ چىقىپ سوغۇق بىر شامال،
سوقۇۋەتتى مېنى ئىشىكتە.

بىز ئىككىمىز ئىككى خىل ئارال
روھلار ئۇچۇپ يۈرگەن زېمىندا.
يۈرىكىڭنى يەيدۇ ئىلاھ بوپ،
سەن كۆرمىگەن يېڭى بىر دۇنيا.

سۇرۇۋەرگىن جەننەت پەيزىنى
ئۆزۈڭنىڭ قاراڭغۇ يوچۇقلىرىدا،
ئەي بىچارە تەلۋە شەپەرەڭ.
مەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ ئاۋازدا،
پەرىشتىدەك سۇزۇك دىللارغا،
شېئىر ئوقۇپ بېرىمەن تەكرار

رومان ئوقۇپ بېرىمەن تەكرار
زۇقلىنىمەن ئۇلار بىلەن تەڭ.

مەن ئەڭ يېشىل سۈزۈك نۇر بولۇپ،
يورۇتىمەن ئۆزۈمنى-ئۆزۈم

# تۇغۇلغان كۇنگە تۇزىتىش

بويۇن قىسىپ ئولتۇرغانسەنمۇ
ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئورىتاسىدا،
قەلبىمدىكى تۇنجى پەرىشتەم؟!

ئالغانسەنمىدۇ تاغلىق شەھەردە
قۇياش چىقماي قالغان بىر كۇنى،
يۇرىكىگە قوشۇپ يوللىغان
يېڭى شېئىردەك مىسكىن ئاتاڭنىڭ
ئىككى خانىلىق ئاددىي چېكىنى.
يوشۇرۇپ ئال كۆزۈڭ ئىچىگە
مال باھاسى چۇشكەن بازاردا،
سېنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان
يۇزى تۆۋەن يوقسۇللىقىمنى.
كۆز يېشىڭغا كۆرسەتمە ھەرگىز،
تەنھالىقتا مۇڭسىراپ تۇرغان
يۇرىكىڭنىڭ چوڭقۇر قېتىنى.

ئون توققۇزغا كىرگەن لىرىكاڭ
ئىشىكىڭنى چەكسە تارتىنىپ،

ئېچىپ قويۇپ ئىشكنى داغدام
سۆيگەن ئۇنى ئىللىق تۇيغۇدا.
ئوقۇپ بەر ھەم باھار رەڭدىكى
بەش مىسرالىق گۇڭگا شېئىرنى،
بىر ئۆزۈڭگە مەنسۇپ ئاۋازدا.

قۇياش چىقماي تاغلىق شەھەردە،
كەتتى ئۆتۈپ كەلمىگەن بىر كۈن.
”كالىندار ئۇ ھەممىسى يالغان
راستى پەقەت يۈرەك-مۇھەببەت“
دەپ يېزىپ قوي ئاسمانغا بۈگۈن.

# بوشىنىش

بېھىشكە ئۇدۇل كىرىپ كېتەر ئوق،
ئۇزۇلگەندە يا كىرىچىدىن. . .

ئاستا-ئاستا چېكىپ دىلىمنى،
ئېقىپ كىرىپ سەرسان روھىمنىڭ
چۆللىرىدە كۆكلەتتىڭ باھار.
ئەمەس ئىدى قەلبىم قۇپقۇرۇق،
قانداق تاپتىڭ بوش ئورۇن دىلدار.

چېچەك ئاچتى مىسكىن كۆلبەمدە،
باغچىدىكى ئوماق بالىلاردەك
تىنىم تاپماي تاتلىق ئىپتىخار.
تېپىرلايدۇ لەززەتلىك سېزىم،
ھەي! نىكاھسىزلا ئۇياتسىز شېئىر
بولۇپ قاپتىمەن ساڭا ھامىلدار.

قىينىلىمەن ئاچچىق تولغاقتىن،
تەتۈر كېلىپ قالساڭ مۇبادا.
تەپەككۇرىم باياۋانىدا،

ئۇپۇقنى يەپ كېلىدۇ ھالسىز
ئېچىرقىغان ئەڭ شېرىن ئازاب.
يەڭگىللەپلا قالىمەن پەيدەك،
ۋۇجۇدىمنىڭ قاسىراقلىرىدىن
يۇلقۇنۇپ چىقساڭ نۇردەك پارقىراپ.

# ئوقۇپ بەرگىن شېئىرلىرىمنى

ئالغاچ كەتكىن سوغۇق جىلغىدا
ئۈششۈك تەگكەن سۇنۇق كۆڭلۈمنى،
دېدارلىششىش بوپ قالار بەلكىم.
بىلىپ قالسۇن يىراق بىر جايدا
تەنھا يۈرگەن غېرىب ئوغلىنى،
خىلۋەتتىكى تاشلىق جەننىتىم.

كۆرستىپ قوي تونۇيالمىسا
تار كوچىنىڭ دوقمۇش تېمىنى،
بار ئۇ يەردە ئۆمۈچۈك توربەدەك
كۈلۈپ تۇرغان رەڭسىز رەسىمىم.

ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ مۇبادا
سوراپ قالسا ”ئىسمى كىمتى“-دەپ،
ئەسلىتىپ قوي ئۇزاق ئۆتمۈشنى:
”تاڭ سەھەرنى تۇغقاندا ئىلاھ،
ئەزان ئېيتقان ئەمەسمىدىڭ“ دەپ.

ئۆتكىنىڭدە بۇلاق بېشىدىن
كۆرۈپ قالسا چىغدىماق گۈلى،
تاشلىۋېتىپ بۇلاق كۆزىگە
ئەسلىتىپ قوي بالىلىقىمنى.
كۈمۈش چېچەك سۇنۇپ جىگدىلىك
توسۇۋالسا چىقىپ يولۇڭنى،
چېچىكىنى ئۈزۈپ ئۆتۈپ كەت
ياد ئەتكۈزۈپ بەڭۋاشلىقىمنى.
دۇئا سوراپ چىقىپ ئالدىڭغا
دوقۇرۇشسا ئەرۋاھلار توپى،
يۈرىكىمنى قويۇپ ئالدىغا
ئېقىتىۋەت يالغۇز تامچە قان،
چۈشىنىدۇ تەنھالىقىمنى.

كۈلۈپ قالدى دېگىن ئىلاھقا،
كۆرسەتمىگىن تامچە يېشىمنى.
تەڭكەش قىلسۇن كۈيىگە سەلكىن،
ئۇقۇپ بەرگىن قاقاس قىرلارغا
ئۇنتۇپ كەتكەن شېئىرلىرىمنى.

# ئۇستاز قەلبى

مېھرىم سىلەرگە
يالقۇنلۇق ئوتتەك،
يانار گۈلخاندەك
ئانا مېھرىدەك.
كەل سەببىلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
مۇزلىدىڭ
قاقلان
باغاش ئەت
قۇچاقلا مەھكەم.
مەيلى كۆيەي
ئۆچەي كۈل بولۇپ،
بىر ئۆمۈر
ئەللىنتالىسام باغرىمدا سېنى
ئېپتىخارىم شۇ!

قەلبىمدىن ئاقار
پۇتمەس بىر بۇلاق.
خىرۇستالدەك سۈزۈك،

تاغ سۈيىدەك مۆزدەك،
يۈرەكتىن تۆمۈرلارغا
ئاقىدۇ لەرزان.
كەل گۆدەكلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
ئۈسسىدىڭ
چاڭقىدىڭ
لەۋلىرىڭدە گەز،
ئۇچۇملاپ ئىچكىن قانغۇچە.
ئوينا چېچىشىپ،
قوغلىشىپ ھەريان،
ئۆزئارا بولۇپ مېھرىبان.
مەيلى
توختاپ كەتسىمۇ يۈرىكىمدە قان،
ئۇسسۇزلۇقىڭنى قاندۇرالىسام
ئىپتىخارىم شۇ!

قەلبىمدە ياڭرار
ئۆزۈلمەس بىر كۈي.
كېلىدۇ
ساداسى ئۇزاقتىن ئۇزاق،
ئون ئىككى مۇقامدەك ياڭراق.
كەل ئوماقلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!

كۆڭۈل ئاچ
كۈلگىن شاد-خۇرام،
چۈچۈك تىللىرىڭ بىلەن جور بول شۇ كۈي-
گە،
نازۇك يۈرەكنىڭ تارلىرىنى چەك.
ئۈزۈلسە ئەگەر
بارچە تارلار
تار قىل ھەتتاكى تومۇرلىرىمنى،
ئەگەر كۆڭلۈڭنى يايرىتالىسام
ئىپتىخارىم شۇ!

پېشانەمدە تەر
تەپچىيدۇ ھامان
ھەر تامچە تەرىم
مىسالى ئوكيان.
ئۈز بىلىجانلىرىم
ئۈزگىن توختىماي،
ئۈزگىن
دەريا دولقۇنلىرىغا
دېڭىز ئوپقۇنلىرىغا
ئوكيان چوڭقۇرلىرىغا
تىنىمسىز ھەريان،
ئۆز ئەركىڭگە بولۇپ ھۆكۈمران.
ئۇپقۇنلار ئارا

سىلەرنى ئەركىن شوئىغۇتالىسام
ئېيتىخارىم شۇ!

باغۋەنمەن
ئەلنىڭ باغۋىنى.
ئەجرىمگە
قەدرىمگە
بۇ بىر مەدھىيە.
كۆچەتلىرىم
نوتىلىرىم
ئۆسكىن سەپ بولۇپ،
يىلتىزلىرىدا مېھىر تۇپىسى،
پەرۋىشچى باغۋىنىڭ ساڭا پاسىبان.
كۆكلە
ئېچىل رەڭمۇرەڭ!
بال يىغسۇن
ئىشچان ھەرىلەر شىرنىلىرىڭدىن،
مەي بولۇپ
مېۋىلىرىڭ پىشسۇن غوراڭدىن،
ئېيتىخارلىنىپ
ھۇزۇرلانسۇن خەلقىم ئۇنىڭدىن.
مەيلى
ئەتلىرىم كەتسىمۇ قۇرۇپ،
شەربىتىڭدىن خەلقىمگە ئىچكۈزەلىسەم

ئىپتىخارىم شۇ!

ھۆرمىتىم
شۆھرىتىم
نامىمدۇر-ئۇستاز.
مەنسۇپمەن تۇپراققا—
ئانا خەلقىمگە.
كەل شاگىرتلىرىم
كەلگىن يېقىنراق!
تەبەسسۇم مېھرىڭگە
ھېرىسمەن شۇنچە
ئېلىپ قەلەم
خەت يازاي ئاق بەتلىرىڭگە،
بوياق تۇتۇپ
رەڭلەر بېرەي سۇرەتلىرىڭگە،
كۆنلەرنى ئۇلاپ تۈنلەرگە
بىغۇبار قەلبىڭگە تىزاي مەن ئۇنچە.
مەيلى
سەرپ ئەتسەمۇ
بارچە ئەقىل جەۋھەرلىرىمنى،
ماغدۇرۇم ھەم ھاياتلىقىمنى،
سىلەرنى
ئۆزۈمدىن بىر بالداق ئۆستۈرەلىسەم
ئىپتىخارىم شۇ!

# ”كروران گۈزىلى“ مېنىڭ ئانام

قەدىمكى ”كروران گۈزىلى“نىڭ جەسىتى
ياپونىيىدە كۆرگەزمە قىلىنىدى
—گېزىت خەۋىرى

ھۆرلەر قەسرىمىش ئەرش دېگەن جاي،
كۆرگەن كىملەر؟
بىر تاتلىق خىيال ئۇ پەقەت.
تەڭداشسىز ھۆر-پەرىنى كۆردۈم بۈگۈن،
«گېزىت» تىن، ئېچىلغاچ نۇرلۇق يېڭى بەت.
زېمىندىكەن قەسىر ئەمەس يىراق كۆك،
كەپتىمەن بىللە ياشاپ ئەزەلدىن-ئەبەت.
”كروران گۈزىلى“ ھۆر مېنىڭ ئانام،
شەنىڭگە كۆي پۈتەي ئالغىن قوبۇل ئەت.

تۆت مىڭ يىل ئۆتكەندە گۈلگۈن قەددىڭنى،
پەن بىلەن كۆرمەكتە كەڭ جاھان بۈگۈن.
بىلمىدىم ”ۋېناس“نىڭ ئۈزلىقى نەدە،
جىلۋەڭدىن يېشىلدى تۈمەنمىڭ تۈگۈن.
”كروران گۈزىلى“ ئۆز مېنىڭ ئانام،
گۈزەللىك ئىلاھى سەن چېھرى ھەم گۈلگۈن.

ئېسىمدە چاڭئېمۇ باش ئۇرغان ئىكەن،
تەڭرىگە، كۆكتىن مەن ئورۇن ئالاي دەپ.
چوقىلار نۇر ئەمگەندە يىگانە ئايدىن،
ئاي كەبى نۇرلىناي كۆكتە مەنمۇ دەپ.
كروران گۇزىلى“ ئاي مېنىڭ ئانام،
ھەسەتلەر ئىچرە ھەم كۇلدۇڭ سەن ئەجەپ.

جۇپ كۆزۇڭ، چېھرىڭ ۋە پېشانەڭدىن،
پاراسەت نۇرلىرى تۆكۇلۇپ تۇرار.
ئەقلىڭنىڭ ئابىدىسى مىڭ ئۆيلەردىن،
ئالەمگە قۇت نامىڭ تارىلىپ بارار.
”كروران گۇزىلى“ نۇر مېنىڭ ئانام،
نامىڭدىن قەلبىمگە مۇھەببەت تارار.

ھاياتقا ئەقىدەڭ بالقىپ تۇرىدۇ،
يۇرت مېھرى يا سېنى خۇش ئەتكەنمىدى؟!
تىغ ئېلىپ ئەۋلادلىرىڭ بەختىڭ ئۇچۇن،
قان كېچىپ جەڭگاھ ئارا كەتكەنمىدى؟!
”كروران گۇزىلى“ گۇل مېنىڭ ئانام،
كەلگۇسىم خىيالىڭدىن كەچكەنمىدى؟!

تۆكۇلۇپ تۇرىدۇ بوستان كىرپىكىڭ،
نەقەدەر ئېسىل ۋە نازاكەتلىك سەن.

ئاردىن مىڭلارچە يىل ئۆتسىمۇ گەر،
نۇر تۆكتۇڭ شۇنچە يارقىن نۇرمىدىڭ يا سەن.
”كروران گۈزىلى“ كۈن مېنىڭ ئانام،
بىلىمەن مەن خۇشال سەنمۇ ھەم شادسەن.

سۇرىتىڭ قولۇمدا قەلبىم روھىمدا،
نۇر بەردىڭ كۆزۈمگە دىلىمگە ئارمان.
نەسلىڭنىڭ سىياقى نۇرلانغان، كۈلگەن،
گۈل چېھرىڭ تولۇن ئاي ئەندىزى ھامان.
سەن ئۆسكەن تۇپراقنىڭ ئىللىق باغرىدا،
تونۇلدۇق جاھانغا بولۇپ بىز چولپان.
”كروران گۈزىلى“ ئېھ، مېنىڭ ئانام،
مۇئەككەل بۇ يۇرتقا بىر ئۆزۈڭ ھەرئان.

# ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىننىڭ

## 1

زېمىن
تۆرەلدىڭ كىمدىن؟
تۇغۇلدۇڭ قاچان؟
— ئەسلىڭ يوق ئەمەس
سىرلىق كائىنات ۋە بەلكىم ئاتاڭ.
پەرۋانىدەك يۇردۇڭ چۆرگىلەپ،
ئالتۇن سۈت ئېمىپ
قۇياشمۇ ئاناڭ؟
ئاتاڭ قېنىمۇ ۋۇجۇدىڭدىكى
تىلسىم كەبى يېشىلمەيدىغان.
ئاناڭ مېھرىمۇ سانسىز ھاياتلىق،
باغرىڭنى مەھكەم باغ ئېتىپ تۇرغان.
راستمۇ؟
لايدىن تۆرەلگەن ئادىمي ئاتام.
ئۈچيۈز يىل ئىزدىشىپ مۇزدا تېپىشىپ
تۇغقانمۇ مېنى شۇ ھاۋا ئانام.
ئەقىدەم شۇ

تۇغۇلدۇم شۇنداق
ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىننىڭ.

## 2

زېمىن
قېنىڭ سۇمۇ، ئوت؟
تىلسىم مىجەزىڭ.
كەلسە غەزىپىڭ ۋەيران قىلىسەن
كىيىپ كېپەنلىك.
تەپسە يۇزۇڭگە جىلۋىدار كۇلكەڭ،
ئىللىق تىنىقىڭ بېرۇر ئېسەنلىك.
تەھدىدىڭمۇ-جەننەت، جەھەننەم،
بىلدىم
بېشارىتىڭدىن،
ئىلىم-مەرىپەت
ئەرك ھەم بايلىق،
بولسا قەيەردە جەننەت شۇ ئىكەن.
بىلىمسىز، نادان
غەپلەت، گادايلىق.
قايسى يەردە كۆپ شۇ يەر جەھەننەم،
كەلدىم چۇشىنىپ مىجەز-پەيلىڭنى،
سىڭىپ ماڭىمۇ ئوخشاش مىجەزىڭ،
ئېشىپ كەتتىم تېخى ئۆزۈڭدىن.

رەھىمسىزلىكتە چىڭگىزخان، گىتلىر. . .
تاغلار ياسىدىم تىزىپ جەسەتتىن.
ئادىللىقتا بولۇپ مۇھەممەد
چاچتىم ئىماننى مېھىر-شەپقەتتىن.
تەبىئىتىم شۇ.
ھەرخىل مىجەزلىك
ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىننىڭ.

3

زېمىن
تەئەللۇق كىمگە
پۈتمەس قىممىتىڭ؟
ئىگىلىدىم پۈتۈن جىسمىڭنى.
ئاتا قىلىپسەن
بارچە مەخلۇقتىن بۈيۈك بولسۇن دەپ،
ئەمگەك
ئىختىرا
ئەقىل ھەم تىلنى.
بېرىپسەن يەنە
مېھىر-مۇھەببەت، ھىيلە-مىكىرنى.
تۇتۇپ تۇرىسەن
بىر قولۇڭدا توي
بىرسىدە ھازا،

كۆلكە، يىغىسى بىر گە تۇرمىسا
بولماس دېدىڭمۇ ھاياتتىن مەنا.
مېھرىڭ مەن ئىدىم
ئۆتتۇۋاتىمەن ھەمدە چۈشەنمەي.
ھاۋشىپ دائىم تالاپ ئۆزۈمنى،
ئادەملىكىمگە تېخى ئىشەنمەي.
تەبىئىتىم شۇ
بېقىپ ئىقلىمغا كەلگەن ياتلىشىپ
ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىننىڭ.

## 4

زېمىن
قاقساك بىر كىرپىك
ئۆلىمەن مىڭ رەت تىرىلىپ مىڭ بىر،
ياپراقلىرىڭدىن قاتلاپ ئەسىرلەر،
كۆپەيدىم شۇنداق
بەش ئەزايىڭدا تارىلىپ ھەريان.
يارالمىشىڭدا جىسمىڭ بىر ئىدى
تىلىپ باغرىڭنى قىلدىم نەچچە يۈز،
بايلىق تالىشىپ سانسىز قەھرىمان.
كېزىپ كائىنات خۇددى سەيياھتەك،
قايتىدىن سېنى ئىزدىمەكتىمەن.
سۆيىمەن سېنى

بەختىم گۈلشىنى يۈزۈڭ، پېشانەڭ،
يارالغىنىمدا سۆيگەن شۇ يەرنى؛
قاشلىرىڭنى قىلىپ سەيلىگاھ،
ئېغىزىڭدىن ئىچىپ مۇسەللەس،
كۆزلىرىڭدىن كۆرگەن ئۆزۈمنى.
يارىشىپ كەلگەچ گۈزەل ھۆسنۈڭگە،
ئۇنتاي قانداق سۆيگەن ماكانىنى.
سۆيمەكلىك مەڭگۈ —
قەرزىم-بۇرچۇم،
ئادىمى مەن مۇشۇ زېمىنىنىڭ.

# تاڭ نۇرى رەڭ بەرسە قەلبىڭگە

كۆرىمەن ھەر ئاخشام خانەڭدە تەنھا،
جىلۋىسى كۆزنەكتە قاتقان چېھرىڭنى.
قەلبىڭدە جۇدۇنلار تۇرسىمۇ ھۇۋلاپ،
ئۆچمىگەن تەپتى ھېچ ئىللىق مېھرىڭنى.

تۇرىسەن سېھىرلەپ قويغاندەك تىمتاس،
قادىلىپ كۆزلىرىڭ بىرلا نۇقتىغا.
قەلبىڭدە غەزەپ بار ياكى سېغىنىش،
كىم سېنى كۆيدۇرگەن شۇنچە ئوتىدا.

بەزىدە كۆزنەكتىن بېقىپ ساماغا،
قارايسەن شۇ يىراق يۇلتۇزلار تامان.
بەختىڭنىڭ يۇلتۇزى زۆھرەمۇ، ئۇكەر،
يا نۇرلۇق تاڭلارنىڭ ئەلچىسى چولپان.

تاڭمىدى كۇتكىنىڭ ئۆتتى تالاي دەم،
تاقىتىم تاق مېنىڭ سېنى ساقلايمەن.
تاڭ نۇرى رەڭ بەرسە جىسمىڭغا پۇتۇن،
قەلبىڭگە مەنمۇ ھەم تاڭ بوپ تارايمەن.

# دېرىزەمنىڭ ئىچى، سىرتىدا

ئىچىدە

دېرىزەمنىڭ جۈپ-جۈپ غۇنچىلار،
ئېچىلىپتۇ ھۆسن تالىشىپ.
ئەسلىتىدۇ گويا قارىسام
ساما تۈزۈپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن
سەھنىدىكى ھۆرى قىزلاردەك،
جىلۋە بىلەن كۈلگەن بېقىشىپ.

مەشتىن گۈلخان تەپتى كېلىدۇ،
گۈل قاچىدىن ھۇزۇر دىلىمغا.
سۈرەي دېسەم باھار پەيزىنى،
خۇشبوي ھىدى يوقتۇر قېتىدا.

سىرتىدا

دېرىزەمنىڭ تۆكۈلمەكتە قار،
ۋەھىملىك ھۇۋلاپ شىۋىرغان.
ۋىچىرلايدۇ مۇڭلۇق ئاۋازدا،
نەشتىرىدىن ئاچچىق سوغۇقنىڭ

كونا ئۆتەك، قىيسىق چەللىنىك،
يوچۇقىدا غېرىب قۇشقاچلار.

كەلگەندە باھار
جۇتلۇق سوغۇق ئىسكەنجىسىدىن،
كۇلۇپ چىقار قايتىدىن ھايات.
چېچەك ئېچىپ دالا گۇللىرى،
تەبىئەتكە چاچار خۇش پۇراق.
تەبىئي مەنزىرە، تەبىئي گۇللەر
ھۇزۇرى چەكسىز قاچا گۇلۇمدىن،
ئەتىگەن ئېچىلىپ كەچتە توزىغان،
لەيلى قازاق مىك ئارتۇق ئۇنىڭدىن.

# هايات شۇنداق

چىقىپ تۇخۇم، بولدى ئۇچۇم
قىلدى پەرۋاز جىمى قۇشلار.
ئۆرۈپ يۈزنى سۆزدى بىرىنى
شۇڭغۇپ كېلىپ باتۇر شۇڭقار.

بۆدۈنىگە چاتقان ماكان،
ئەگىدى سا چۇجىلەرنى.
قوندى بۈركۈت تاغ ئۇستىگە،
قامالالاشقا تۈلكىلەرنى.

كۆككە ئۆرلەپ كۆردى لاچىن،
قالدى ئارمان چەككە يەتمەي.
سازغا مۇشتاق بولدى ئۆردەك،
كۆلدىن زىنھار مېھىر ئۈزمەي.

ئىككى قانات بىرلا چاڭگا،
ھەممىسىگە ئوخشاش ئۇدۇم.
قالدى پەيلەر ئۇۋىلاردا. . .
هايات دېگەن شۇنداق ئۇقۇم.

# تۇنجۇققان روھىڭنى تاڭما بالىغا

”ئاستا ماڭ جان قوزام كەتمە يىقىلىپ“
دەيسەن ۋە ئەگىشىپ يۇرىسەن ھامان.
كايىما بۇزسىمۇ تۇزەيدۇ ئۆزى،
بۇزۇلۇپ، تۇزۇلۇپ كەلگەنغۇ جاھان.

شوختۇر ئۇ، تىنىمسىز-سىغماس قېنىغا،
ئۆز ئەركى، تۇيغۇسى غالىپ ئېڭىدا.
توسمىغىن ئويىنىسۇن، چېلىشسۇن مەيلى،
بەلكى بىر باتۇرلۇق باردۇر قېنىدا.

يوسۇن، قائىدە تۇگىمەس مىزانلار...
ئۆگەن دەپ زورلىما ئەنسىز ئانىلار.
تاپىدۇ شوخلۇقتىن يېڭى بىر ئەقىل،
تۇنجۇققان روھىڭنى تاڭما بالىغا.

# تارتىشمىغىن تەنھا ياپراق

ئىسكىلىتتەك قاغجىراق شاخلار،
سىلكىنىدۇ سۇرلۇك قارىيىپ.
ۋەھىمىدىن تۆكۈلەر ياپراق،
بوپ قالغاندەك ئالەم تارىيىپ.

تەنھا ياپراق قاقشال شاخلارنىڭ،
لەۋلىرىدە چېكەر ئىزتىراپ.
تارتىشىدۇ رىشتى ئۈزۈلمەي،
ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ دەرد-پىراق.

سىرداشلىرىڭ كەتتى ئۇيقىغا،
تارتىشمىغىن تەنھا ياپراق.
ئەللەي ئېيتىپ ئىسسىق قوينىغا،
ئالۇر سېنى ئانا تۇپراق.

ئۆكسۈك نىدا مۇڭلار كەينىدىن،
كېلۇر يەنە كۈلكە يالتىراپ.
مېھرىڭ ئېمىپ كۆكلەيدۇ قايتا،
سۇرۇپ بىخلار سانسىز ياپراق.

# تۇرپان تەسىراتلىرى

(چاتما)

## كىشمىش

ئۆكسىمەس ئىدى مومام ساندۇقىدىن،
قەن-گېزەك ھەم قۇرۇتقان ھەر خىل يېمىش.
پاھ، ئەجەپ تاتلىق ئىدى ھەممىسىدىن،
شېرىنىسى تىلنى يېرىپ يېشىل كىشمىش.

"تۇرپاندىن كەلگەن دورا" دەيتتى مومام،
سورىسام بەزلەپ مېنى ئازلا بېرىپ.
يۈرەتتىم سەبىي چاغلار چۈشلىرىمدە،
تۇرپانىنىڭ كوچىسىدىن كىشمىش تېرىپ.

سۆزلىسە بوۋام ئەرش دىيارىنىڭ،
مېۋىسىن ئوخشىتاتتىم كىشمىش قىلىپ.
شۇ خىيال ئىستىكىدە يېشىل رەڭنى،
كۆرەتتىم گويا جەننەت رەڭگى بىلىپ.

ئىجازەت بولدى ئاخىر بۇ ماكاننى،
زىيارەت قىلىشىمغا تەقدىر-نېسىپ.
راست ئىكەن ئېتىز، هويلا، كوچىلار ھەم
تولغان تولۇپتۇ كىشىمىش ئۈزۈم كۆرسەم كېلىپ.

ياساپتۇ "دورا" بۇندا يىغىپ بارچە
ئەللەرنى، مەپتۇن قىلىپ كاتتا بايرام.
مىڭ يىللار ئاۋالقى شان-سەلتەنىتى،
ئېپتىخار ۋادىسىدا ياساپ قاينام.

## قۇم

بارخانلار يېشىلىڭ قانچە، كەلدىڭ قايان؟
نە سەۋەب ئويمانلىقنى قىلدىڭ ماكان.
پەرزەنتلەر بىتاپ بولسا شىپا بولسۇن
دەپ سېنى ئەۋەتكەنمۇ تەكلى ماكان.

تېۋىپلىق بۇ زېمىنغا كىمدىن قالغان؟
ئۇستازمۇ يا شاگىرتىڭ ھەركىم لوقمان؟
ئىزدەيمەن نەدىن سېنىڭ تارىخىڭنى،
يوقمىدى پۇتۇكلىرىڭ بىزگە قالغان.

سەن شۇنداق تىلسىم كەبى شىپالىق جاي،
تەڭرىنىڭ ھېكمەت نۇرى نەزەر سالغان.

تۆمەنمىڭ ئازاب چەككەن بىتاپ تەنلەر،
باغرىڭدىن ئىمىپ نۇرلار شىپا تاپقان.
بوپ قالاي دىلدىن ساڭا بىمارلارنىڭ،
قاتارى تەشەككۇردىن بىزەك ياپقان.

## كارىز

ئۆمۈچۈك تورى ئىكەن يىلتىزلىرىڭ،
تورلاردىن بۇلدۇقلايدۇ كۈمۈش بۇلاق.
تور ئەمەس تومۇرىڭدىن ئىقىنلىرىڭ،
نەچچە ئون ئەسىرلەردىن ئاققان ئۇزاق.

سەن ئەجداد ئىدراكىنىڭ ئابىدىسى،
ئىدىقۇت نامى بىلەن شۆھرەت تاپقان.
خورىماس قىنى بولۇپ بۇ تۇپراقنىڭ،
توختىماس يۈرىكىگە قۇۋۋەت قاتقان.

تارىخنىڭ شۆھرىتىگە شاھىت بولۇپ،
ھىكمىتىڭ ياتار پىنھان يەر قىتىدا.
ئۇزۇنلۇق تالاشسىمۇ سىپىللار ھەم
يىتەلمەس گەر ئۇلانسا بۇ ئىقىنغا.
ئالسا ئورۇن تۆت كەشپىيات ئاي ئۇستىدىن،
ھەقلىقسەن قەد كىرىشكە يۇلتۇزلاردا.

# يالقۇنتاغ

ۋىلىلداپ كۆمۈشسىمان يالتىرايسەن،
ھىلال ئاي يەرگە ئۇچۇپ چۈشكەنمىدى؟!
ئوت بولۇپ ئالتۇن كەبى پارقىرايسەن،
قۇياشنىڭ تەپتى ساڭا كۆچكەنمىدى؟!

مەشئەلگە ئوخشىتىمەن يالقۇنىڭنى،
شەپەقتەك ئۆچمەس نۇرلار چېچىپ تۇرغان.
كۆز يېشىڭ-زۇمرەت كەبى شۇ باغرىڭدا،
شىلدىرلاپ توختىماستىن ئېقىپ تۇرغان.
قان دېغى-چاچراپ چىققان شېھىتلارنىڭ،
قىزىرىپ ئۈستىبېشىڭ يېپىپ تۇرغان.
شاھىدى-جەڭگاھتىكى باتۇرلارنىڭ،
مىڭ ئۆيدە تۇلپارلارنى مىنىپ تۇرغان.
شۇ بۈيۈك تۇپرىقىڭنى ئەسىرلەردىن،
ئەجدادلار كۆكلەپ ماكان ئېتىپ تۇرغان.
جەلپكار سېھرىڭنى ھەم سەجدە قىلىپ،
مېھمانلار كەلسىمۇ گەر كېتىپ تۇرغان.
ئويمانلىق غايەت چوڭ پىچ دېسەك ئۇندا،
شۇ پىچنىڭ چوغى ئۆزۈڭ يېنىپ تۇرغان.
تۇرپاننى پەرۋاز قىلغان بۈركۈت دېسەك،
يۈرىكى سەن توختىماي تېپىپ تۇرغان.

# يولدا

بارماقتىمەن ئىقىن بويلاپ ئەگرى يولللاردا،
كېلور ئۆچۆپ ئەزىم دەريا ئىقىپ ئالدىمغا.
باشلاندىكىن قايسى جايدىن نەدە ئاخىرى،
سىڭىپ بارار قاراقىمدىن-تۆيغۆلىرىمغا.

قاچاندا كىم تۆنجى بولۆپ ئاچقان بۆ يولنى،
مەنزىل تامان گاهى ئۆرلەپ گاهى مۆدۆرۆپ.
ياساپ قويغان ئابىدىنى ئوغۆرلاپ كىملەر،
كەتكەنىدى، قالغان ياكى قۆمغا كۆمۆلۆپ.

ئۆڭى ئۆچكەن كونا يولدا بولۆپ خارابە،
قاپتۆ مەشئەل يېقىپ خەۋەر بەرگەن روجەكلەر.
سانسىز ئارزۆ، ئۆمىدلەرنى بېسىپ باغرىغا،
قاراۋۆل بوپ ياتار شىۋاق باسقان زۆمچەكلەر.

غېرىبسىنىپ قاپتۆ چۆلدە هەربىر ئۆتەڭدە،
ئۆرۆلگەن تام، پۆچۆق هېجىر، تىنغان ئورەكلەر.
قالغانىدى ئۆتەڭلەرگە يېتەلمەي چۆلدە،
قانچە هارغىن چاك-چاك ئەتكەن تەشنا يۆرەكلەر.

تۇغراقلىقنى ماكان ئەتكەن تۆھپىكار روھلار،
بارخانلاردا ئالقۇنلاردىن تۇزۇپتۇ ساما.
"ئىگىسى بىز بۇ يوللارنىڭ باسقان تۇنجى رەت"،
دېگەن خىتاب ياڭرىغاندەك زېمىندىن سادا.

باقسام يىراق-يىراقلاردا قاپتۇ مۇڭدىشىپ،
ئۇپۇق تىرەپ قاتمۇقات تاغ، قارلىق چوققىلار.
يېپيېنچىسىز ئۇخلاپ قالغان تاقىر باش دالا،
قويغان ئېسىپ يۇلغۇنلارغا سەرۋى تۇيغۇلار.

# پەسىل سۈرەتلىرى

(چاتما)

## باھار

ئېتەك يەلپۈپ تۇزدەك گۈزەل قىزچاقلار،
يالپۇز تېرىپ يۈرەر ئېرىق بويىدا.
لەيلى قازاق بەرگىسىگە لەۋ سۈرۈپ،
رەڭگە تولدى زەڭگەر دالا قوينىدا.

سالام بېرىپ تونۇش ئۆيگە قارلىغاچ،
چەللىلەرگە تىزدى تۇنجى چاڭگىنى.
سەلكىن ئۇچۇپ خۇش بۇي جىگدە ھىدلىرى،
سەير ئېتەر شۇ تاپ ھەربىر ھويلىنى.

تىكە ساقال يىغىپ كەپسىز بالىلار،
يېتىپ كەلدى ئۈجمە پىشقان سايلارغا.
قوغلىۋەتتى قارغوجىنى تاش ئېتىپ،
ئاغمىخاندەك يامىشىپ تىك ھاڭلارغا.

## ياز

زەر باشاقلار سالام قىلار يىگىتنىڭ،
قولىدىكى ھىلال تىغنىڭ بىسىدا.
ئۆگرە كېسىپ ئالدىرايدۇ ياش قۇۋان،
كاۋا باراڭ ئاستى قازان بېشىدا.

بىركۈي يادلار تومۇزغىغا جور بولۇپ،
بۆشۈكىدە ياتقان ئوماق بۇۋىقى.
غىدىقلىدى دىمىقىنى يىگىتنىڭ،
ئىپار ھىدلىق يۇمغاقسۇتنىڭ پۇرىقى.

قايتتى يىگىت قوغۇنلۇقنى ئارىلاپ،
بالىسىغا ئۈزدى پىشقان چىلگىنى.
كۆلگىنىدە ئوماق ئوغلى ۋىلىقلاپ،
چىقتى ھاردۇق سۆيۈندۈردى دىلىنى.

## كۈز

كۆلدى شەبنەم مۇئەللىمنىڭ كۆزىدە،
چىققاچ مۇنبەر ئۈستىگە ئۆز ۋارىسى.
گۈلگۈن تاڭلار تەزىم قىلدى قۇياشقا،
گۈلزار ئىچرە ئېچىلغاچ گۈل غۇنچىسى.

سېخىي زېمىن تۆكمىسىدە چوكانلار،
باشلىۋەتتى ئوغۇل قىزلار توينى.

شوخ ناۋالار لەززىتىدىن مەست بولۇپ،
بېزىمەكتە كېلىن قىزلار ئۆيىنى.

توي توسسا ھەم دوقمۇشلاردا ئاغامچا،
خۇش خەۋەرنى ئېلىپ ماڭار قاقىرلار.
زەر ياپراقلار سالسا يولغا پاياندار،
چاچقۇ كۈتۈپ تەلپۈنىدۇ تاغ، قىرلار.

## قىش

زەن سالىدۇ موماي كاڭدا تەلمۈرۈپ،
تاراق قىلغان ھەربىر تىۋىش ئاھاڭغا.
ئاق بويناقنى ئەگەشتۈرۈپ نەۋرىسى،
توشقان قوغلاپ كەتكەن قارلىق دالىغا.

چىقتى بوۋاي ئۆگزىسىگە ھاسىراپ،
ھەسرەت بىلەن ئەسلەپ قىران چاغلارنى.
ئۇپۇقتىكى تۇمانلارغا كۆز تىكىپ،
ئىلغا قىلدى غۇۋا قارا داغلارنى.

يۈرەر ئەنە دەريا بويى تاللىقتا،
بىر توپ بالا قىلتاق قۇرۇپ يىپ ئۇلاپ.
سەكرىشىدۇ ھىدلاپ سەزگۈر بويناقلار،
ھەر تەرەپكە يۈگرەپ يېڭى ئىز قوغلاپ.

# ئۆكۈنمىگىن يىلتىزلار

جاھان كېزىپ كەلسەم يۇرتقا ھەر نۆۋەت،
تېۋىنىمەن يىلتىزلارغا يۈكۈنۈپ.
زەڭگەر دوپپا كىيگەن سانسىز زۈمچەكلەر،
يۈيىنىدۇ قاراقىمغا مۆكۈنۈپ.

جىمىپ قالار يۈرىكىممۇ بىر مەھەل،
روھىم كېتەر روھىڭ ئىزدەپ بېھىشكە،
زاھىر بولۇپ ئىلاھ سۈپەت سىمايىڭ،
نۇرلىنىدۇ يول-بىشارەت بېرىشكە.

ھىدلار ھەر كۈن تۆپرىقىڭنى شاماللار،
قالغان بەلكىم شىۋاقلارغا ئۆگىنىپ.
شىۋاق رەڭنى سۆيۈپ كەلگەن ئابىدەڭ،
قەد كېرىدۇ تۈمەن نۇرغا پۈركىنىپ.

قالغان ئۈيۈپ ھەلقۇمىڭدا ئارمىنىڭ،
قىيالماستىن ماڭغىنىڭدا سەپەرگە.
ئارمان يۈدۈپ يۈرگەن تۈنلەر قوينىدىن،
ئېچىلور بىر چىرايلىق گۈل سەھەردە.

# شان قۇچۇڭلار بۈگۈنكىلەر

(ئوقۇغۇچىلىرىم خىزمەتكە قاتناشقانلىقىنىڭ
ئون يىللىقى خاتىرىلەنگەن چاي يىغىنىغا ئاتاپ)

توغۇلغاندى
ھەربىرى ھەربىر ئانىدىن،
ئۆيى باشقا، كۆيى باشقا
"ئىگە"لەپ
تەمتىلەپ. . .
ئۆسكەن بەك ئوماق سۈننەت قىلغىچە،
ئوسما سۈرگىچە.
چوڭ بولغان
ھەجىلەپ
ۋاراقلاپ. . .
ئەس كىرىپ بۇرۇت قويغىچە،
ئاي كۈلۈپ كۆكسىگە بولۇت قونغىچە.

توغۇلدى قايتىدىن
بىركۈندىلا قىرىق بىرگىزەك،
مەرىپەت ئانىسى تۇتقاندا تولغاق.

ئېمىشىپ تەك
يېيىشىپ تەك
بىرلا بۆشۈكتە تالىشىپ بولماق.
يېتىلگەن-
ھەر خىل تەم
ھەر خىل پۇراق
ھەر خىل رەڭ تۇزۇپ،
ئانىنى، تۇپراقنى، يىلتىزنى دوراپ.
ئوخشىغان-
تىلى ئوخشاپ، دىلى ئوخشاپ
بىرخىل ئۇداردا كۆلىشىپ خۇشۋاق،
دوستلۇشۇپ ئىناق
بولۇشۇپ قوشماق.
كەتكەن قىيالماي
قاغجىراپ يۇرەكلەرگە بېرىشكەن شەربەت،
ھەربىرى ھەر يەرگە تارقاپ.

ئۆتۈپ ئون يىل
يېتىشىپ قاپتۇ
بىرى ئۇلۇغبەك
بىرى لوتۇن
بىرى لوقماننى قوغلاپ،
يۇدۇپ ئالەمچە ئۇمىدنى
ئەل غېمىنى قۇچاقلاپ.

ئىدىسۈن يوق ئىدى بىزدە
ئارخېمىد ھەم پاسكاللار ،
چىقار ئەمدى مۇشۇ تۇپتىن
ئۇلاردىن بالداق ئاشقانلار .
ئۆرلەڭلار !
ئەجىر تۆھپەڭلار پورەكلەپ
چېچىكى ئەلنى كۈلدۈرسە ،
چىقار سەھنىگە مەھمۇت قەشقىرى
كۆكسىڭگە ئوردېن ئاسقانغا .
ئالقىش ياڭراتسا خان تەڭرى
كېلۇر ئالدىڭغا تارىم ھەم
ئوتلۇق باغرىغا باسقانغا .
ئۆرلەڭلار !
سىلەر بۇگۈنكى يورۇق چولپانلار .
تۇنۇگۈنكىلەر باسقان ئىزلاردا
بولسىمۇ قىيىن تۇساقلار يەنە
ئۆتكەلنى بۆسۈپ شەرەپ قۇچۇڭلار .

# نۇر بولۇپ كەتكەن روھ
# كەلدى نۇر بولۇپ

(تەۋپىق ئەپەندىنىڭ مىس ھەيكىلى
ئاتۇشتا تۇرغۇزۇلدى)

سەن تەڭرى ئەۋەتكەن پەيغەمبەر سۈپەت،
جىسمىڭ پاك، روھىڭ نۇر ئۇلۇغ چىن ئىنسان.
ئەڭ بۈيۈك ئارمىنىڭ بۇ قەدىم مىللەت،
دىلىغا سىڭىشتى ھېكمەتتىن ئىمان.

قەلبىڭدە پارلايتتى ئۆچمەس بىر قۇياش،
نەزەرىڭ سۈپسۈزۈك ئەينەكتەك ئاسمان.
تىلىڭدا ئۇينايتتى كۈلۈپ ئاپئاق تاڭ،
دىلىڭنى ئەزسىمۇ زۇلمەترەڭ تۇمان.

بەك ئەپسۇس! كۆك ئاسمان چېقىلغان كۈنى،
سولاشتى گۈلشىنىڭ، يۇلتۇزۇڭ ئۆچۈپ.
بىر دەستە چېچەكنى پۇراپ شۇ تۇپراق،
قايغۇلۇق سۆكۈتكە چۆمگەن مۇڭلىنىپ.

گۈلخانىغا پۈركەنگەن مۇقەددەس روھىڭ،
نۇر بولۇپ كەتكەنتى كەلدى نۇر بولۇپ.
مەڭگۈلۈك ئابىدەڭ ئەۋلاد قەلبىدە،
ئېچىلار چوغ رەڭلىك سولماس گۈل بولۇپ،

# بوشلۇق شاھى ئەرش تۆرىدە

(ئادىل ھوشۇر سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتتى)

كۆتەتتى مىسلىسىز ماھىر رەقىبنى،
ۋەھىمە قاپلىغان سۇرلۇك پىلسىرات.
ئاتلاندى-نەزەرسىز خىلۋەت ماكاندىن،
جەڭ ئېلان قىلىشقا جەسۇر ئىجتىھات.

قەلبىدە ئۆرتەنگەن ئەل-يۇرت غورۇرى،
جىسمىدا پۈتكىنى مۇقەددەس ئىشەنچ.
تونۇتۇپ قويماقچى قەدىم-قەدىمنى،
گۈرزىنى ئوينىغاچ تارتماي ھېچ ھەرەج.

ئاخىرى پەيت يەتتى چېقىلدى چاقماق،
شۇڭغۇدى بوشلۇققا قاناتلىق ئىلاھ.
كۆك تەڭرى قايىل بوپ چاچقاندا نۇسرەت،
چوققىلار ئۇستىدە جەۋلان قىلىپ تۇغ
لەرزىگە چۆمۈلدى تىلسىمات قىيا.

زىلزىلە قىلغاندا كۆكتە بىر نۇسرەت،
غايىبتىن تۇيۇقسىز كەلگەندەك ۋەھىي
تەۋرىدى ئۇچ بوغاز، تەۋرىدى جاھان.
جىمىكى ئېقىنلار كۆتۈرۈپ شاۋقۇن،
جور بولدى نەغمىگە جىلۋىسىز تۇمان.

كۈلدى، چاقنىدى كۆكتە ئىپتىخار
باھارنى قۇچاقلاپ تۇرغاندەك قۇياش،
رەڭگارەڭ نۇرلارغا پۈركەندى بوشلۇق.
ئىللىدى، ئېرىدى خەلقىم يۈرىكى،
ئېرىدى تەڭرىتاغ، بۇغدا ھەم قۇملۇق.

سەن مىللەت پەخرىسەن كۆكتىكى يۇلتۇز،
بارخانلار تەكتىدىن ئۈنگەن مۆجىزە.
ياشايسەن ئەبەدكە خەلقىڭ دىلىدا،
ئەڭ بۈيۈك مۇكاپات ”جىنس“ تاج بىلەن
چىقارغاچ ئېلىڭنى ئەرش تۆرىگە.

# زەئىپ روھلار

## 1

ئامان ئۆتتى بوگون بىر كون خودا بار ئەتىگە شوكرى،
كونى رىزقىمنى كام قىلماس دوئا بار بەركىگە شوكرى.
تۆرەلمە بىرلە تەڭ پوتمىش پىشانە يازمىش بەرھەق،
گاداي بولساقمو كۆڭول باي ئىنئام بار سەۋرىگە شوكرى.
ئازاب چەكسەڭ راۋا ئەيلە گوناھ ساقىت بولور تەندىن،
باقىنىڭ راھىتى ئەۋزەل چىدام بار توۋىغا شوكرى.
بىھىشنىڭ بىلىتى تەرك ھەزەر ئەيلە جەھەننەمدىن،
تاۋاپ ئەيلەپ ساۋاب تاپقىن سوراق بار بەرىگە شوكرى.
رىزا ئەيلىگەن تەقدىرگە تەما قىلماق كوپورلوقتىن،
خودا ئىلكىدە بو رىزقى جىنىم بار رەنىگە شوكرى.

## 2

باسسا گەر روستەم كەبى كوچ دەس تۆرغىدەك ئەركەك بىز،
زىمىن كۆچوپ، نور ئۆچسىمو يول تاپقىدەك سەگەك بىز.
ياتسا يولۋاس يولدا تەنھا قايسى شىر ئەيمەنمىگەن،
ئات مىنىپ، يىلپىز سورۇپ ئۆتكەن ئەلگە ئەۋلاد بىز.

تۇتۇپ ھېكمەت ئاچقۇچىنى ئۆتكەن ئەجداد-پەخرىمىز،
پەزىلەتنىڭ بۆشۈكى بىزدە دېيىشكە بەرھەق بىز.
مۇقام-بۇلىقىم، بايلىقىم، چۇشمەس قولۇمدىن زەخمىكىم،
ئاۋاسىز خۇش كۆڭۈل قايدا ئۇسسۇل، سازغا ئەرمەك بىز.
بۇ ھاياتنىڭ لەززىتى مەي ئىچىپ، رەنا پۇراش،
تونۇش بىزگە جەمشىد ئۇتتۇرساقمۇ بايدەك بىز.

## 3

جانجان ئۆزنىڭ جېنى ئۆزگە ئۆلسۇن ئۆز ئىشى.
دەرد-ئەلەمدە ئۆرتىنىپ ئوتتا كۆيسۇن ئۆز ئىشى.
ھەققى تاپان بولسا مونەك پارلىتىمەن تۇندە كۇن،
تېپىپ قانچە سۆز ئارقامدىن قارغاپ يۇرسۇن ئۆز ئىشى.
تاز دېيىشكە كىمنىڭ ھەددى تاجدا ياپسام بېشىمنى،
تەخسە يۇيۇپ يۇز تاپتى دەپ ئاچچىق كۇلسۇن ئۆز ئىشى.
ئۆيۇمنىڭ تۆرى راستلاقلىق ئۆتكۇر پىچاق ئەرباپقا،
ئىلتىپاتتا روناق تاپسام يۇمشاق دېسۇن ئۆز ئىشى.
ئەتە مىڭ دوست كۇلگىنىدىن بۇگۇن كۇلسەم ئۆزۈملا،
ئامىتىم شۇ ھەقەمسايىم دۇشمەن بىلسۇن ئۆز ئىشى.

# ئۆتكىن

ئاچچىق كۆز يىغا بىرلە زېمىنغا، بەس كۈلۈپ ئۆتكىن.
يېزىلدى نېمە قىسمەتلەر پېشانەڭگە، كۆرۈپ ئۆتكىن.
ھايات كەلكۈنى توختاۋسىز يېرىپ تەكتىگە كىر شۇڭغۇپ،
كۆمۈلگەن لاتقا، قۇملاردىن جاۋاھىرلار سۈزۈپ ئۆتكىن.
بەخت سۇلتانى ئىرپاندۇر ھۇنەردۇر تاجىسى ئۇنىڭ،
ئەشۇ تاج ئىشقىدا گويا سەمەندەردەك كۆيۈپ ئۆتكىن.
يارالمىش تەڭرىدىن بارچە ئۆزۈڭدىن رىزقىيۇ-بەرىكەت،
جىمى غۇربەت پېقىرلىقنى لەھەت ئىچرە كۆمۈپ ئۆتكىن.
نېچۇن ھەق نىسپىي بۇ ئالەم تىنىق ھەلقۇمدا مۇزلايدۇ،
غورۇر، تەختىڭنى پەس قىلماي ئۆزۈڭنى چىن تونۇپ ئۆتكىن.

# كۆك

كەلدى يەنە نەۋ باھار بوياپ دالا يەرنى كۆك.
كۇلدى ئىللىق نورۇز ئاي ئۇچىسىدا ئەگنى كۆك.
توققۇز تائام راستلاندى، يۇز خىل ئويۇن باشلاندى،
چېلىشقا بەل باغلاندى سىنىماقچى ئەرنى كۆك.
كۆكنى چۇشەپ سۇبھىدە چىللىشىدۇ خورازلار،
"تۇر بەرىكەت ئىشچاننىڭ" دەيدۇ مېھنەت پەسلى كۆك.
مېھنەت سۆيەر دېھقانمۇ ئالدى كەتمەن يەڭ تۇرۇپ،
ياشارتقاي باغ، ئېتىزدا مېۋە، ئاشلىق، سەينى كۆك.
ئونبەشىدە نورۇزنىڭ مومام ئەتكەن چۆچۇرە،
بېدە، يالپۇز خۇرۇچى بەردى لەزىز تەمنى كۆك.
كۆك ھاياتلىق، كۆك ياشلىق جۇدۇنلارغا بەرداشلىق،
بوۋام تۇغى شۇ رەڭدە باشلىغانتى ئەلنى كۆك.
شۇڭا كۆكنى ئۆز بىلىپ قويغان سۆيۈپ شەنىگە،
تۇرك نامدا تونۇلغان قەبىلىلەر نەسلى كۆك.
ھەربىر رەڭنىڭ، پەسىلنىڭ خاسلىقى بار پەيزى بار،
تەشنالىقىم، پاكلىقىم، شادلىقىممۇ ئەسلى كۆك.
ئاسمانمۇ كۆك، سۇمۇ كۆك كۆكنى ئېمىپ ياشايمىز،
ھاياتلىقنىڭ قايتىدىن گۇللەيدىغان پەسلى كۆك.

# تۆگىنىڭ ھەسرىتى

(مەسەل)

كەلتۈرۈپ ھېسامكام ئۆتمۈشتىن تەمسىل،
ئوخشىتىپ بىرسىنى قىلدى كىنايە.
ئاڭلىغان ھەقەمساي كۈلدى تېلىقىپ،
ئەينىچە يازاي مەن قىلىپ ھېكايە.

× × ×

ياشىغان ئىكەنمىش ئۆتمۈش زاماندا،
ئەركە باي ئىسىملىك مەشھۇر بىر كارۋان.
مەشرىقتىن باشلىنىپ تا مەغرىپكىچە،
كۆپلىگەن شەھەرگە سودا قىپ بارغان.

قىرىق بىر تۆگىسى ئىچىدە باشچى،
بار ئىكەن چىداملىق ئەتىۋار بىرسى.
ئەركىنىڭ شۆھرىتى، بەختى باغلانغان،
بەركە تاي ئىسىملىك چېۋەر قېرىسى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئەجەل نۆۋىتى،
كېلىپتۇ بەركىگە شىپا كار قىلماي.
جۇدالىق ئالدىدا ئېلىپ رازىلىق،
دەپتۇ ياش ئاققۇزۇپ قىيماي ئەركە باي:

× × ×

"تۇغۇلغان ئىككىمىز ئوخشاش بىر كۈنى،
بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئاتمىش يىل ئاۋۋال.
(مۆجىزە كۆرۈلدى) كۆز تەگمىسۇن دەپ،
بېرىپ نام، يېقىپ شام ئاسقان تىلتۇمار.

قۇتلۇق كۈن ھېسابلاپ ئاتام رەھمىتى،
بېرىپتۇ ئەل-يۇرتقا چوڭ بىر مەرىكە،
يارىشىپ ئايىغىمىز ئېقىپ سودىسى،
بەختىمىز شەنىگە چاچقان سەدىقە.

ئەۋلادى تۇنجىسى بولغىنىم ئۈچۈن،
مۇبارەك ئىسمىمنى قويغان ئەركە باي.
قوشكېزەك ئورنىدا ئۆيقاش كەلتۈرۈپ،
ئاتالغان سېنىڭمۇ نامىڭ بەركە تاي.

بالىلىق ۋاقتىمىز بەكمۇ شاش ئىدىڭ،
ئوينايتتۇق ھارماستىن ئەركىن قىيغىتىپ،

ھاپاش بوپ باغ[1] ئەتسەم لوكىلىرىڭنى،
تاشلايتتىڭ داق يەرگە مېنى ئىرغىتىپ.

يىقىلسام دەس تۇرۇپ قوغلايتتىم يەنە،
يەتكۇزمەي كېتەتتىڭ يىراقلار تامان.
ھېيلە قىپ تۇتاتتىم كەلسەڭ قوتانغا،
قانچىلاپ شۇ كەبى شادلىنىپ ھامان.

ئەركىلەپ شاد-خورام كۇلدۇق، ياشىدۇق،
يايلاقلار، ئوتلاقلار بولدى كەڭ ماكان.
ئۆتۇشتى يىللارمۇ ئارقا-ئارقىدىن،
يېتىشتۇق كۇنسايىن بولۇپ نەۋقىران.

ئاخىرى كۆڭلۇمگە كەلدى بىر خىيال،
بۇرنىڭغا پۇختىلاپ ئۆتكۇزدىم چۇلۇك.
شۇندىلا باش ئەگدىڭ ياۋاشلىق بىلەن،
يۇك ئارتتىم ئۇستۇڭگە بولدۇڭ سەن كۆنۇك.

سەپ قىلىپ سىلەرنى ماڭدىم يېتەكلەپ،
ئاتامنىڭ ۋارىسى بولۇپ بىر كارۋان.
يول يۇردۇق يۇرت-شەھەر كەزدۇق تالاي يىل،
قار كېچىپ كۆپ قېتىم ئاشتۇق تاغ-داۋان.

---

① باغ ئېتىش — قوچاقلاش.

كۆن-تۆنلەر ئاچ يۈرۈپ سەپەر ئۈستىدە،
شىۋىرغان، جۇتلارغا پىسەنت قىلمىدىڭ.
دەشتى چۆل قۇملاردا سۇسىز ھەپتىلەپ،
يۈرسەڭمۇ ئىسسىقتا ھېچ زارلانمىدىڭ.

زورۇقۇپ كۆپ يىللار ئېگىلدى لوكاڭ،
كۈچۈڭنى، بارىڭنى ئاتىدىڭ ماڭا.
راھەتنى، قۇۋلۇقنى راۋا كۆرمىدىڭ،
ھاياتىڭ جاپالىق ئۆتتى دائىما.

ھاياتلىق سەپىرىم روجەكلىرىدە،
دەسسىگەن ئىزىڭنىڭ ئويچاقلىرى بار.
رىزقىمنىڭ خورىماس بۇلاقلىرىدا،
ئاققۇزغان تەرىڭنىڭ مونچاقلىرى بار.

تىنىمسىز سىڭدۈرگەن ئەمگەك مېۋەڭدىن،
ساندۇقۇم، ساڭلىرىم بايلىققا تولدى.
ئەجرىڭدىن ياراتتىڭ ھېسابسىز تۆھپە،
ئائىلەم بەختىمۇ سەن بىلەن كۈلدى.

ساددىلىق، ساپدىللىق چوڭ پەزىلىتىڭ،
پاك ئىشلەپ ئۆمرۈڭدە يەتكۈزدىڭ ۋاپا.
ئەجرىڭگە مېنىڭدىن مۇكاپات ئۈچۈن،
ئالغىنىڭ تۈگىمەس مۇشەققەت جاپا.

يەتكۈزدۈم كۆڭلۈڭگە قانچە رەت ئازار،
ئاھ، ئەمدى پۇشماندىن يوقتۇر ھېچ شىپا.
كۆز يۇمۇش ئالدىڭدا سورايمەن سەندىن،
كەچۈرگىن، رازى بول كۆڭلۈڭدىن چىقار"

× × ×

باشلاپتۇ بەركە تاي ئۇلاپلا سۆزنى:
"راست شۇنداق خىسلىتىم، شۇنچە پاكلىقىم.
ئۆزگەرمەس رايىم ھېچ ئىسسىق-سوغۇقتىن،
چۈنكى بۇ قېنىمغا سىڭگەن خاسلىقىم.

ئەجدادىم ئۇدۇمى ئىكەن كۆچ-چىدام،
قايغۇمۇ، شادلىقمۇ ماڭا بەرىبىر.
مىس بىلەن ئالتۇننى ئەتمىدىڭ پەرق،
قىلدىڭمۇ بىلمەستىن يا تۇتتۇڭمۇ سىر.

تىل بىلەن دىلىڭدا ئوخشىماسلىقنى،
سەزگەنتىم بالدۇرلا رەنجىگەنتى دىل.
ئارقامدىن ئورۇنسىز سۆز قىلدى دېمە،
يۈزمۇيۈز سۆزلەيمەن ھەسرىتىمنى بىل.
يارالغان ۋاقتىمدا قىلىپ سېخىيلىق،
بېرىپتۇ تەڭرىمۇ جۈرئەتنى ماڭا.

ئون ئىككى مۆچەلگە كىرگەنلەرنىڭ ھەم،
خىلمۇخىل خىسلىتىن جۇغلاپتۇ ماڭا:

تۇنجى رەت كۆرگەچكە قۇياش نۇرىنى،
مۆچەلدە بولغانتى چاشقان يىل بېشى.
سەزگۈرلۈك ئۇنىڭكى چوڭ ئەۋزەللىكى،
شۇ خىسلەت مەندە بار ئوخشاش قۇلىقى.

ئەمگەكچان دېھقاننىڭ كۈچى، نېمىتى،
كالىدۇر قىممەتلىك ئۇنىڭ مۈلكى.
ئىشلەيدۇ ھارماستىن كۈچى پۈتىدا،
شۇڭلاشقا ئوخشاشتۇر ماڭا تۈيىقى.

تەڭداشسىز قۇدرىتى قىلغاچقا قايىل،
شاھلىقنى ھايۋانلار بەرگەن يولۋاسقا.
ھۆركىرەر ئاۋازى ماڭىلا ئوخشاش،
ئۇ باتۇر ئوبرازى شۇنداق بولغاچقا.

يۇمشاق دىل، مۇلايىم، ئوماق، چىرايلىق،
توشقاننىڭ زەررىچە يوقتۇر زىيىنى.
نۇسخىنى مېنىڭدىن سوراپ ئالغاندەك،
ئوخشايدۇ بۇرنۇمغا ئۇنىڭمۇ بۇرنى.

جىسمى غايىۋى ئەجدىھانىڭكى،
شەرقتە سىمۋول بەخت ئويۇنى.

تولغىنىپ چاقماقتەك چۆشسە ئۆسسۆلغا،
ئوخشايدۇ بوينۇمغا ئەگرى بويۇنى.

يىلانمۇ ئەرشىنىڭ ئىشىك باقارى،
ئەزرائىل تۆكى بار شۆڭا بار سۆرى.
ئەيمىنەر كۆرگەنلەر ئۆنىڭ سۆرىدىن،
ئاشۇ سۆر مەندە بار ئوخشايدۇ كۆزى.

ئوخشايدۇ يايلىمغا ئاتنىڭ يايلىمۇ،
"ئەر قانىتى ئات" دېگەن بارغۇ تەرىپلەر.
قۆيرۇقى ئەسلىدە مېنىڭكى ئىدى،[1]
يارىشىپ ھۆسنىگە لەرزان يەلپۈنەر.

قوي يۈگى ئوخشايدۇ مېنىڭ يۈگۈمغا،
ئۆنىڭدىن كۆپ ئېسىل رەخت توقۇلار.
ئۇ بىلەن ئادەملەر جىسمىنى تاپقان،
يېپىنچا گۈزەل ھەم ئىللىق تۆيۈلار.

موللاقچى مايمۇننىڭ ئويۇنلىرىنى،
ئوينالماس سېرىكچى دارۋازلارمۇ ھەم.
قۆيرۇقتا مەن بىلەن ئوخشاشلىقى بار،
شۇ قۆيرۇق بولمىسا بەئەينى ئادەم.

---

① ئەپسانە قىلىنىشچە، ئات تويغا بارماقچى بولۇپ تۆگىنىڭ قۆيرۇقىنى ئارىيەتكە ئېلىۋېلىپ شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەنمىش.

سەھەرنىڭ كۈيچىسى تىرىشچان توخۇ،
توخۇمى ئىنسانىنىڭ قۇۋۋەت ئوزۇقى.
تاتىلاپ يېسىمۇ ئەمگەك ئۆزىنىڭ،
ئۇنىڭ ھەم ئوخشايدۇ ماڭا تىرنىقى.

ۋاپادار قاراۋۇل ئىگىسىگە ئىت،
ئۆزگىنى ھويلىغا يېقىن يولاتماس.
دۈشمەننى رەھىمسىز چىشلەيدۇ قاتتىق،
ئەشۇ چىش مەندە بار ئاسان ئۆپرىماس.

چوشقىمۇ ئەرشتە بولغان مۇدەررىس،[1]
بار كۈچلۈك ئۇنىڭدا ئۆزگىچە ھەۋەس.
ھەۋەسسىز تۇرمۇشنىڭ نىمە لەززىتى،
شۇ ھەۋەس مەندە بار بۇ ئەيىب ئەمەس.

ئاسانمۇ ئىگەللەش يىللاردىن ئورۇن،
ئەقىلدە ھۈنەردە بولمىسا ئالدى.
ئون ئىككى مۈچەلنىڭ ئىسمى بولۇپ،
ناملىرى تارىختا مەڭگۈگە قالدى.

---

① بۇددا ئەپسانىسىدا چوشقا ئەسلى ئەرشتىكى پەرىشتىلەرگە دەرس ئۆتكۈچى مۇدەررىس ئىمىش، خاتالىق ئۆتكۈزگىنى ئۈچۈن، تەڭرى زېمىنغا پالاپ چوشقا قىلىپ قويغانمىش.

ئاڭلىدىڭ مەندە بار شۇنچە پەزىلەت،
ئېشەكتە بارمىدى ئەخلاق، ئىناۋەت.
نە سەۋەب نېسىۋە ئادىل بولمايدۇ،
سىرتتا مەن ئۆيدە ئۇ ئالۇر ھالاۋەت.

ئاۋۇماس غىتىلداپ باسقان قەدىمى،
بىر ئايلىق سەپىرى ماڭا بىر ھەپتە.
تاپقاندا كۆلنى ئۇ راسا ئېغىناپ،
ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتار كەچكىچە.

بەڭگىنىڭ خۇيى بار تۇتسا خۇمارى،
ئۇچرىسا دۇم چۇشۇپ تېزەكنى پۇراش.
خۇنۇك شۇ ئەپتىنى يوشۇرماق ئۇچۇن،
ھەيۋىلەر كۆرسىتىپ كۇچەپ ھاڭراش.

پەزىلەت، ئەخلاقنى سېلىشتۇرسىمۇ،
لايىقتۇر قايسىمىز يۇكسەك ھۆرمەتكە.
بىلمەيمۇ، مەقسەتلىك ئالماشتۇرۇۋەتتىڭ،
كىملەرنى پەس قىلدىڭ، كىمنى شۆھرەتكە.

ئەسلىگىن سەپەردە داۋان ئاشقاندا،
ئۆتكۇزدىڭ ئالدىمغا كىمنى باش قىلىپ.
خورلۇققۇ مەن ئۇچۇن باغلىنىپ قېلىش-
ئېشەك قۇيرۇقىغا، دىلنى غەش قىلىپ.

ياردىم ئەزەلدىن ئەمگەك قىلىشقا،
ھەرقانچە ئازابنى كۆتۈرەلەيمەن.
غورۇرۇم يول قويماس ناھەق ئىشلارغا،
مەن ئاشۇ خورلۇقنى كەچۈرەلمەيمەن".

× × ×

دەپتۇ-دە، بەركەتاي يۇمۇپتۇ كۆزنى،
قاپتۇ كۆز يېشىدا قېتىپ ھەسرىتى.
ئەركە باي ئارماندا دەپتۇ: "ئەلۋىدا"،
ئامەتلىك دوستۇمدىن ئايرىلدىم، يۈتتى.

× × ×

سۆزىنى تۈگىتىپ دېدى-ھېسامكام:
-ئازمىدى ھازىرمۇ تۆگە ھەسرىتى.
شۇ سەۋەب يوللارمۇ بولمايدۇ راۋان
مەسەلىنىڭ سىلەرگە قالسۇن ئىبرىتى.

# سۇمۇرغ قىسسىسى

(چۆچەك)

گۆدەك چاغ دەيتتىم: ”بوۋا قىزىق ئىكەن-
چۆچىكىڭ، يەنە بىر رەت بەرگىن ئېيتىپ“.
باشلايتتى بوۋام قايتا چۆچىكىنى،
ئاڭلايتتىم سۇمۇرغ بولۇپ قانات قېقىپ.
ئالدىمغا مانا بۇگۈن كەلدى نەۋرەم،
شۇ گۆدەك ئۆتمۇشۇمنى ئەسكە سېلىپ.
ئەمدى مەن بوۋا بولدۇم سۆزلەپ بېرەي،
بوۋامنىڭ چۆچىكىنى قالسۇن بىلىپ.

× × ×

يارانقان ئىكەن تەڭرى سۇمۇرغنى چوڭ
ھەم جىمى مەخلۇقاتتىن كۈچلۈك قىلىپ.
تاغ كەبى بەستى پەرۋاز قىلسا كۆكتە،
قالاركەن زېمىن ئاڭا تارلىق كېلىپ.
نە قىسمەت شۇنچە ھەيۋەت مەخلۇقاتقا،
ئاتاپتۇ نەھەڭنىلا رىزقى-نېسىپ.

يۇرەركەن ئۇچرىتالماي رىزقى بەك ئاز،
قورسىقى تويماي بىر ۋاق دائىم ئىچىپ.
ئۆتۈپتۇ ئۇزاق يىللار شۇ تەرىقە،
تەڭرىنىڭ بەرگىنىگە شۇكرى ئېيتىپ.
يەتكەندە شۇكرى-تاقەت ۋاقتى چەككە
پەيغەمبەر نوھقا ئەرز قىپتۇ تېپىپ:

× × ×

"پەيغەمبەر، ئاڭلا مېنىڭ ئەرز-ھالىم،
يەتكۈزگىن ياراتقۇچى ئىگىمىزگە.
چوڭ-كىچىك بارچە مەخلۇق تەڭ يارالغان،
نە سەۋەب تەڭ بولمىدى رىزقى بىزگە.
ئۆتمىدىم راھەتلىنىپ تويۇپ بىر كۈن،
چوڭ بولۇش مېنىڭ گۇزەل گۇناھىممۇ.
چاڭ سالسام مەنسۇپ ئەمەس رىزقى كۆپكە،
كەچۇرمەس بۇلاپ يېسەم خۇدايىممۇ.
قانائەت بىلەن كۆپ يىل ياشاپ كەلدىم،
ياشاشتا ئىتائەتلا قىلىش شەرتمۇ.
بەس ئەمدى ھايات رىزقىم تولۇق بولسۇن،
خاتىرجەم تويۇپ ئەركىن ياشاي مەنمۇ"

× × ×

پەيغەمبەر بەجا قىلىپ بۇ تەلەپنى،
تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ كەپتۇ.
يەتكۈزۈپ سۇمۇرغنىڭ بۇ ئەرزىنى،
تەڭرىدىن مۇنداق جاۋاب ئېلىپ كەپتۇ:
"مەشرىقتە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھنىڭ،
بار ئىكەن ئەتىۋارلىق يالغۇز قىزى.
ئەقىل ھەم گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق،
تولۇن ئاي كەبى نۇرلۇق ئىكەن يۈزى.
قاش، كىرپىك قارا تۈنگە رەڭ بېرەركەن،
يۇلتۇزنى نۇرسىز ئېتىپ بىر جۈپ كۆزى.
ئۈنچە ھەم مەرۋايىتلار تۆكۈلەرمىش،
غۇنچىدەك ئېغىزىدىن چىقسا سۆزى.
مۇبادا كۈلسە ئىللىق جىلۋىسىدىن،
قۇياشمۇ قالار ئىكەن خىجالەتتە.
ئىسمى ھۆرنىگاركەن، يېشى ئونبەش،
يېتىپتۇ راسا تولۇپ بالاغەتكە.
نامىنى ھۆرنىگارنىڭ ئاڭلىسا كىم،
ئوتىدا كۆيۈپ ھەسرەت چېكىپ كەپتۇ.
شاھزادە، ئالىم، زالىم، چەۋەندازلار...
تۇشمۇتۇشتىن ئەلچىلىككە يېتىپ كەپتۇ.
بارچىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ نىگار،
شەرتىنى بايان قىپتۇ جامائەتكە:
"كىمكى يارى قىلماق بولسا مېنى،
يېتىشكەن بولسۇن ئەقىل-پاراسەتتە.

ياراتسۇن ئەل ۋەتەنگە ئۇلۇغ تۆھپە،
يېڭىلمەس بولۇپ ھەرخىل ماھارەتتە.
شەرتىم شۇ ئورۇنلىسا ئەگەردە كىم،
يارىم شۇ ئىگە بولسۇن ئامانەتكە".
بۇ شەرتنى ئادا قىلماق ئىستىكىدە،
جەم بوپتۇ ئۇلۇغ بىر سەپ چۈشۈپ بەسكە.
لېكىن ھەممە چېكىپ قاپتۇ ئارمان-ئازاب،
تەقدىرى قوشۇلمىغاچ بۇ ئامەتكە.

مەغرىپتە ھۆكۈم سۈرگەن پادىشاھنىڭ،
بارمىش ھەم بەتبەشىرە بىر مالچىسى.
بەدىنى شۈركىنەرمىش ئەگەر ئۇنىڭ،
ئەپتىنى تەسادىپىي كۆرگەن كىشى.
ئالغاي كۆز، چوشقا بۇرۇن، تىمساق ئېغىز،
قۇلىقى چۈشەر ئىكەن مۈرىسىگە.
پولتىيىپ چوققىسىدا سەت بىر مۆڭگۈز،
قوش مۈشتەك دوكى بارمىش دۈمبىسىدە.
مايماق پۇت، توخۇ تىرناق، بەل پۈكۈلگەن،
پەرقى يوق قورقۇنچلۇق مەخلۇقاتتىن.
ئەزەلدىن تۆرەلمىگەن، تۆرەلمەسمىش،
ئۇنداق سەت بەتبەشىرە ئادەمزاتتىن.
ھېچ كىشى سىغدۇرالماس تەسەۋۋۇرغا،
ھۆرنىگار جور بولۇشنى ئاشۇ سەتكە.
ئارىلىقى ئۈچ يىللىق يول بولسىمۇ گەر،

مۆشۆ يىل ئۆلار بىرگە بولارمىشكەن.
بۆ ئىشنى مىسال قىلىپ دېدى تەڭرى:
”تەقدىرسىز زېمىندا قىل تەۋرىمەيدۆ.
تەڭشەلگەن يارىلىشتا سۆمۆرغىمۆ،
رىزقىغا-رىزقى قوشۆپ بېرىلمەيدۆ“

× × ×

ئاڭلاپ سۆمۆرغ پەيغەمبەرنىڭ بايانىنى،
جاۋاب دەپتۆ مۆنداق: ”تەخىر قىلاي.
پۆتۆلمىش قىل تەۋرىمەس تەقدىرلەرنى،
ئۆزگەرتىپ بېقىشقا ھەم ئەجىر قىلاي.
خەير-خۆش پەيغەمبەر نوھ كېتەي قايتىپ،
ئۆچ يىلدىن كېيىن قايتا كۆرۆشەيلى.
ھۆرنىگار، پادىچىنىڭ تەقدىرىنى،
ئەمەلدە كۆرۆپ ئاندىن يۆزلىشەيلى“.

× × ×

ساقىغان يۆلتۆز سىياق شۆڭغۆپ سۆمۆرغ،
مەشرىققە، شاھ ئوردىغا يېتىپ كەپتۆ.
تۆتقۆن قىلىپ ھۆرنىگارنى، ئادەمزات-
چىقالماس تاغ ئۆستىگە ئېلىپ كەپتۆ.
چۆشۆرۆپ كۆن چۆشمەس بىر ھاڭ ئىچىگە،

چىقارماي ئۈچ يىلغىچە بىقىپ كەپتۇ.
ئۈچ يىلدىن كېيىن نوھىنىڭ ھوزۇرىغا،
قايتا كېلىپ سۇمۇرغ يەنە مۇنداق دەپتۇ:
"ھۆرنىگار مالچى بىلەن قوشۇلمىدى،
سوراپ كەل تەڭرى ئەمدى نىمە دەيدۇ".

× × ×

پەيغەمبەر بېرىپ تەڭرى ھوزۇرىغا،
سۇمۇرغقا مۇنداق جاۋاب ئېلىپ كەپتۇ:
"قوشۇلۇپ ئۇلار ئەشۇ قەرەلىدە،
بالىسى ياشتىن ئېشىپ تىلغا كەپتۇ"

× × ×

پەيغەمبەر جاۋابىدىن گۇمان ئەيلەپ،
غالىبان تۇستە سۇمۇرغ مۇنداق دەپتۇ:
"چاقچىقىڭ دەپلا بىلەي خەۋىرىڭنى،
بىلمەن تەڭرى ئۇنداق سۆزلىمەيدۇ.
ھۆرنىگار تېخى تەنھا تىلسىم ھاڭدا،
ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆزۈم بېقىپ كەلدىم.
قانداقچە مۇمكىن بولسۇن غايىب نىكاھ،
پەيغەمبەر خالىس ئۆزۈڭ كۆرۈپ كەلگىن.
ئۆزگەرگەن بۇ تەقدىرنى تەڭرىمگە دەپ،

رىزقىمنى تويۇنغىچە تولۇق بەرگىن“.

× × ×

كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن رىئاللىقنى،
ئۇلار پەرۋاز قىلىپ غارغا كەپتۇ.
ھۆرنىگار كۆتۈرگەنچە بالىسىنى،
ھەم مالچى بىرگە چىقسا ھەيران قاپتۇ.
مالچىنى كۆرۈپ سۇمۇرغ غەزەپ بىلەن:
”ئەي ئەبلەخ كەلدىڭ قانداق بۇ تىلسىمغا،
ئۈچ يىللىق ئەجرىمنى سەن قىلدىڭ بىكار،
نەس باستى، توپا چاچتىڭ سەن رىزقىمغا.
ئادەممۇ ياكى شەيتان نەسلىڭ نىمە،
يا سەندە سىھىر بارمۇ كۆرۈنمەسكە.
نە سەۋەب ئۈچەكىشىپ قالدىڭ ماڭا،
يا بىرى ئەۋەتكەنمۇ سىنى قەستكە“

× × ×

شۇ ئاندا مالچى قورقۇپ قىپتۇ بايان،
يالۋۇرۇپ سۆيۈپ يەر ھەم ئىتەكلەرنى:
”ئادەممەن غەيرۇشاھنىڭ يىلقىچىسى،
باقاتتىم دالا-تۈزدە ئىنەكلەرنى.
بىر كۈنى سۆيۈپ تۇرسام سوقۇم بىرمال،

تاش توپا ئۇچۇپ بوران چىقىپ كەلدى.
قاپقارا تۇتەك بىسىپ تەبىئەتنى،
ئارقىدىن غايەت زور قۇش ئۇچۇپ كەلدى.
قىچىشقا تاپالماستىن پاناھ بىر جاي،
سوقۇم مال ئىچىگىلا كىرىۋالدىم.
قۇش كىلىپ ئاشۇ مالغا سالدى چاڭگال،
شۇ ھامان مەن ھوشۇمدىن كىتىپ قالدىم.
قانچىلىك ئۆتتى ۋاقىت ھەپتە يا كۈن،
بىر چاغدا قايتا ئەسكە كىلىپ قالدىم.
شۇندىلا مال ئىچىدىن چىقىپ تۇرسام،
چىرقىرىغان بىر ئاۋازنى سىزىپ قالدىم.
نەزەر سىلىپ ئەتراپنى مەن كۆرگىنىمدە،
بىھۇش ياتقان بىر گۈزەلنى كۆرۈپ قالدىم.
تۇرغان يەر غار ئىچىكەن شۇنچە پىنھان،
كۈن نۇرى تومۇزدىمۇ چۈشمەيدىغان.
قۇياش بىلەن ئەنداز ئىكەن قىزنىڭ يۈزى،
كىچە ھەم كۈندۈزدىمۇ ئۆچمەيدىغان.
ئەسلىدىم شۇندا ئۆتكەن ئىشلارنى مەن،
يەم بولماي ساق قالغانغا شۈكرى دىدىم.
ۋە بەلكى ئەرشتىكى ھۆر-پەرىلەر،
ماكانى مەشەدۇر دەپ خىيال قىلدىم.
بىر ئازدىن كىيىن پەرى كۆزنى ئىچىپ،
كۆردىدە مىنى قايتا ئەستىن كەتتى.
نەچچە رەت شۇ تەرىقە داۋام قىلىپ،

توختىتىپ ئاخىر كۆڭۈل سۆزلەپ كەتتى:
”قىينىما مېنى تىرىك بۇ ئۆڭكۈردە،
ئەزرائىل بولساڭ دەررۇ ئالغىن جاننى.
مىڭ ئارتۇق خورلۇق تارتىپ ياشىغىچە،
كىرسەممۇ دوزاخقا گەر گۆرۈم ياخشى“.
مەن دېدىم: ئەي پەرىزات ئۆزىڭىز كىم؟
ئادەممەن ئەزرائىل يوق قورقۇپ كەتمەڭ.
قانداقچە كېلىپ قالغان سىز بۇ يەرگە،
قول بولاي بولسا ياردەم ھەسرەت چەكمەڭ.
سۆزۈمنى ئاڭلاپ مېنىڭ ئادەملىكىم،
بىلدى-دە، گۇمانلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.
ئادەممۇ ساڭا ئوخشاش بولامدۇ سەت،
”ئاھ، تەقدىر“ دەپ ھەسرەتلىك كۈلۈپ كەتتى.
ئۇمۇ ھەم ماڭا ئوخشاش شۇ بىر كۈندە،
يۈز بەرگەن تەقدىرىدىن زارلىنىپتۇ.
ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ تۇرغىنىدا،
تىلى بار مېنى ئاللا يەتكۈزۈپتۇ.
ئىككىمىز باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشنى،
سۆزلەشتۇق تەقدىرىمىز ئوخشاش ئىكەن.
نە چارە بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلماققا،
تەن بېرىپ ياشاپ قالدۇق ئۈمىد بىلەن.
تاشلاردىن تېمىپ تۇرغان سۈيىمىز بار،
يېمەكلىك ئۆكسىمىدى خام بولسىمۇ.
ھاياتقا ئىشەنچ بىلەن قاراپ كەلدۇق،

ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار ئەمەسمۇ.
نە ئامال بويغا يەتكەن قىز-يىگىتكە،
بىر يەردە ئايرىم ياشاش هار ئەمەسمۇ.
قوشۇۋەتتى ئاخىرى سۆزۈك هېسسىيات،
هاياتلىق مۇهەببەتسىز خار ئەمەسمۇ
بىرلىكتە شۇندىن بىرى ياشاپ كەلدۇق،
مەلۇمدۇر ئەمدى سىرلار ئۆزىڭىزگە.
بىزنى بۇ قىسمەتلەرگە ئىگە قىلغان،
نە سەۋەب بىلمىدۇق بىز قۇللۇق سىزگە“.

× × ×

ئاڭلاپ، بۇ سەۋەنلىككە سۇمۇرغ ئۆزى،
سەۋەبكار بولغانلىقى بوپتۇ ئايان.
يېمەكلىك ئەكىلىشتە هۆرنىگارغا،
سەزگۈرلۈك قىلمىغانغا قىپتۇ پۇشمان.
دەپتۇ ئۇ: ”كۆچ بىرنى، ئەقىل مىڭنى
يېڭىدۇ“ دېگەن تەمسىل هەقىقەتكەن.
تەن بەرمەي ئامالىم يوق كام ئەقلىمگە،
ئۇمۇرلۇك هەسرەت چېكىپ قالدىم دەردكە.
چۈشەندىم ئەمدى هايات قىسمىتىنى،
تەقدىرنى بەلگىلەركەن هەركىم ئۆزى.
كىمدە كۈچ ئەقىل بىلەن بىرگە بولسا،
هەق بولۇپ چىقار ئىكەن ئۇنىڭ سۆزى.

بەس ئەمدى كام رىزقىمغا راۋا ئەيلەپ،
ئاچ يۇرۇش تەقدىرىمگە بېقىنمايمەن.
كۆرسىتىپ قويۇپ كۇچلۇك نارازىلىقىم،
ئۆلسەممۇ ھاياتقا ھېچ ئېچىنمايمەن.

× × ×

ئويغا سېلىپ پەيغەمبەرنى ئۆزى كۆرگەن،
ئاجايىپ سەرگۇزەشتە قىپتۇ مايىل.
تەقدىرنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەت قىلغان،
سۇمۇرغنىڭ جۇرئىتىگە بوپتۇ قايىل.
تەسەللى بېرىپ دەپتۇ سۇمۇرغقا نوھ:
ئاپىرىن ئېيتماي ساڭا تۇرالمايمەن.
تاپۇرسەن خاتا ئىشتىن كېيىن ئەقىل،
شۇندىلا خاتاسىز ئىش قىلالايسەن.
ھاياتلىق كۇرەش دېمەك، ئۆرلەش دېمەك،
يولۇقار ھەر قەدەمدە كېلىپ تەقدىر.
ئۇسۇلىڭ بولسا قانداق نەتىجەڭ شۇ،
ئاتايسەن نەتىجىنى بىلىپ تەقدىر.
مۇبادا نۇسرەت تاپساڭ مەلۇم ئىشتا،
بىلىسەن ياخشىلىققا ئۆرۇپ تەقدىر.
ئەگەردە شۇ بىر ئىشتا مەغلۇپ بولساڭ،
ئۇنى ھەم پېشكەللىككە چۆرۇپ تەقدىر.
يولۇققان ئاقىۋەتنى پېشانەمگە.

پۇتۇلگەن دېمە ھەرگىز ئۇنى تەقدىر.
يەتسەڭ گەر مەقسىدىڭگە كۆتكىنىڭدەك،
تەڭرى ھەم راۋا كۆرەر شۇنى تەقدىر.
تەقدىرگە تەن بەرمىدىڭ، ھاياتلىقتىن-
كەچمەكنى نىيەت قىلغان سۆزۈڭ تەقدىر.
خەير-خوش ئەقىل، ئەركىڭ بولغاي جۈپ يار،
ياراتقىن خاھىشىڭچە ئۆزۈڭ تەقدىر.

× × ×

ۋەدىگە ئەمەل قىلىپ سۇمۇرغ شۇئان،
جۇدالىق سەپرىگە ئاتلىنىپتۇ.
خوش ئېيتىپ پەيغەمبەرگە يۈرەك-دىلدىن،
زېمىندىن كېچىپ مەڭگۈ ئايرىلىپتۇ.
"قەيەردە سۇمۇرغ ھازىر" دېدىڭ نەۋرەم،
رىۋايەت سۇمۇرغ، نەھەڭ بولغان ئەمەس،
ئىنسانلار غايىسىدىن توقۇلما بۇ،
بولسىمۇ ئۇنتۇلۇپ ھېچ قالغان ئەمەس.
ئۇ كۆيۈپ كۈل بولماقنى راۋا ئەيلەپ،
ئۇچقانچە كېتىپ قاپتۇ قۇياش تامان.
جىسمى كۈل بولسىمۇ گەر روھى دەستە-
نۇر بولۇپ كائىناتتا ئۇزەر ھامان.
ئۇ بارچە تەڭسىز، ناھەق ئىشلار ئۇچۇن،
نىجاتلىق تاپماق بولغان قارشىلىقتىن.


مىڭ مەرتە ئەلا بىلىپ ئۆلۇم يولىنى،
قۇتۇلغان روھنى پاكلاپ ئۇ خارلىقتىن.
ئۇ شۇنداق تەقدىرىگە تەن بەرمىگەن،
ئىسيانكار ئەجدادلارنىڭ نۇرلۇق ئۇلى.
شۇ سەۋەب ئەل قەلبىدە مەڭگۇ ئۆچمەس،
ھۆرمەتكە ئىگە بوپتۇ سۇمۇرغ روھى.

مەسئۇل مۇھەررىر: **دولقۇن قادىر**
مەسئۇل كوررېكتور: **خۇدابەردى خېلىل**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **دولقۇن قادىر**

# ئۇنتۇلغان ئادەم

## تۆلەندىن ئەزىم زۇلىيارى

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى:** بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
http://www.e56.com.cn
**باسقۇچى:** دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى:** 2001-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى:** 2001-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى:** 787×1092مم 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 3.25
**سانى:** 0001—2000
**باھاسى:** 6.50 يۈەن



责任编辑：多鲁洪
封面设计：刘家峰

ISBN 7-105-04350-4

9 787105 043507 >

ISBN 7－105－04350－4/G·672
民文(维 179)　　定价：6.50 元